بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ



﴿هَلْ جَزَآءُ الْإِحْسَانِ إِلَّا الْإِحْسَانُ فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ﴾

﴿ياخشى ئىش قىلغۇچى پەقەت ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.

( ئى ئىنسانلار! جىنلار! ) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ

نېئمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴾

(55 ـ سۈرە/ رەھمان 60~61 ـ ئايەت)

# ئۈرۈمچى شەھىرى ئىسلام دىنى ئىشلىرى يېتەكچىسى

## 2014-يىللىق 5-سان (ئومۇمىي 5-سان)

**نەشر قىلغۇچى ئورۇن:** ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

**مەسلىھەتچى:** پەرھات سەلەي

**باش مۇھەررىر:** يالقۇن ئىسمائىل

**مۇھەررىرلەر:** مۇھتەرەم شېرىپ داموللا ھاجى، ئابدۇشۈكۈر رەھمىتۇللاھ دامولla ھاجى، ئابدۇراخمان ئابدۇقادىر

**تەكلىپلىك مۇھەررىر:** مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

**تەكلىپلىك كوررېكتور:** ئارزۇگۈل كېرىم

**تېخنىكا يېتەكچىسى:** مۇھەممەدتوختى قۇرباننىياز

**بەت ياسىغۇچى:** مۇھەممەدئىمىن ئاتاۋۇللا دامولla

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:**

مۇھتىرەم شېرىپ دامولla ھاجى، ئابدۇشۈكۈر دامولla ھاجى، نۇرمۇھەممەد دامولla ھاجى، ئەھمەدجان ئىبراھىم دامولla ھاجى، ئابدۇكېرەم دامولla ھاجى، ئابدۇۋاھاپ دامولla ھاجى، ئابدۇرېھىم دامولla ھاجى، تۇرسۇنجان مەسۇم دامولla ھاجى، نەسىردىن دامولla ھاجى، ئابدۇرەئۇف دامولla ھاجى، تۇرسۇن راخمان دامولla ھاجى، مەسئۇد دامولla ھاجى، مۇھەممەدئىمىن ئاتاۋۇللا دامولla، ئابدۇللاھ ئابدۇراھمان دامولla، ئابدۇراھمان مۇھەممەد دامولla، تاشتۆمۈر ئابدۇقادىر دامولla، بەركىتۇللا دامولla، تۇرسۇن ئەينۇددىن دامولla، مۇھەممەدئىمىن خۇدابەردى دامولla، ئوسمان ساۋۇت دامولla، ياقۇپ ئۆمەر، پەرھات سەلەي، يالقۇن ئىسمائىل

# كىرىش سۆز

ۋەز ئېيتىش ـ ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەنئەنىسى: ئىمام ـ خاتىپلار ھەر جۈمە ۋە ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرىدە جامائەتكە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىغا دىنىي ئەقىدە نەزەرىيەلىرى، فىقھى مەسىلىلىرى، ئىبادەت قائىدە ـ ئەھكاملىرى، ئەخلاق مىزانلىرى، مەدەنىيەت مىراسلىرى، پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان ئەھمىيىتى زور ۋاستىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى شەھىرىمىزدىكى ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئەت ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە جۈمە كۈنى سۆزلىنىدىغان ۋەز ـ تەبلىغ مەزمۇنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان مەزكۇر «ئايلىق» ماتېرىيالنى ئىماملارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۈزۈپ چىقتى. بۇ ماتېرىيالدىكى ئايەتلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «قۇرئان كەرىم» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2012 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرىگە ئاساسەن ئېلىندى. ئىماملىرىمىزنىڭ ماي ئېيىدىكى جۈمە كۈنلىرى مۇشۇ بەلگىلەنگەن ۋەز ـ تەبلىغ تېمىسى ۋە مەزمۇنى ئاساسىدا ۋەز سۆزلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

2014 ـ يىلى 1 ـ ماي

# مۇندەرىجە

## ۋەز ـ تەبلىغلەر

ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش ................ 1
ئىتتىپاقلىقتا ئەھمىيەت بېرىپ، جەمئىيەت ئىناقلىقىنى قولغا
كەلتۈرەيلى ........................................14
جىن ۋە جىنكەشلىك توغرىسىدا........................23
«ئايەتۇلكۇرسى» نىڭ قىسقىچە تەپسىرى ............. 38
پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى..........55

## ئىماملىرىمىز

مەرھۇم مەھمۇد داموللاھ ھاجى ھەققىدە...............67

## مەسچىتلىرىمىز

ئۈرۈمچى خانتەڭرى مەسچىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى..........71

## ئۆگىنىش گۈلزارى

ھەدىس شەرھىسىنىڭ تەرجىمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر ......... 75
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ناماز ۋاقىتلىرى......................92

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ ،4 ـ بېتىدىكى رەسىم: تەڭرىتاغ رايۇنلۇق خانتەڭرى
مەسچىتىنىڭ يېقىنقى كۆرۈنۈشى

# ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش

أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

إِنَّ الْحَمْدَ لِلّٰهِ نَحْمَدُهُ وَ نَسْتَعِيْنُهُ وَ نَسْتَغْفِرُهُ، وَ نَعُوْذُ بِاللهِ مِنْ شُرُورِ أَنْفُسِنَا، وَمِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا، مَنْ يَّهْدِهِ اللهُ فَلاَ مُضِلَّ لَهُ ، وَمَنْ يُضْلِلْ فَلاَ هَادِىَ لَهُ ، وَأَشْهَدُ أَنْ لاَّ إِلٰـهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَ رَسُوْلُهُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ عَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ أَجْمَعِيْنَ .

أَمَّا بَعْدُ :

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ!

مۆھتەرەم ئەزىز قېرىنداشلار! ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن:

﴿ آمَنَ الرَّسُوْلُ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْهِ مِن رَّبِّهِ وَالْمُؤْمِنُوْنَ كُلٌّ آمَنَ بِاللهِ وَمَلآئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لاَ نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّنْ رُّسُلِهِ وَقَالُوْا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيْرُ ﴾

تەرجىمىسى : ﴿پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. ئۇلار: «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىمىز)» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، ئى رەببىمىز، بىز سېنىڭ مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر قايتىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ﴾ (سۈرە بەقەرە 285 ـ ئايەت).

ھەر قانداق بىر ئىنسان ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، مۆئمىن مۇسۇلمان بولىمەن دەيدىكەن، ئۇ چوقۇم ئەڭ ئاۋۋال ئايەتتە بۇيرۇلغاندەك ئىمان ئېيتىشى زۆرۈر. ئۇنداق بولسا ئىمان ئېيتىش دېگەن قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسى نېمە؟ پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىش نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

# ئىمان دېگەن نېمە؟

ئۆمەر ئىبنى خەتتـاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنـىدۇكى، بىر كۈنى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا ئىدۇق. تۇيۇقسىز بىزگە چېچى قاپقارا، كىيىملىرى ئـاپئـاق بىر كىشـى كىرىـپ كەلـدى. ئۇ ئادەمدە سـەپەرنىڭ ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. ھېچقايسىمىز ئۇ كىشىنى تونۇمايتتۇق. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىككى تىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى تىزىغا تەگكۈزۈپ، ئىككى ئالقىنىنى ئىككى يوتىسىغا قويۇپ تۇرۇپ: «ئى مۇھەممەد، ماڭا ئىسلامنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىسلام دېگىنىمىز، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزاندا روزا تۇتۇش، ھەرەمگە بېرىشقا قادىر بولالىغانلار ھەج قىلىشتۇر» دېدى. «راست ئېيتتىڭ» دېدى. بىز ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى سورىغان سوئالىغا بېرىلگەن جاۋابنى «راسـت ئېيتتىڭ» دەپ تەسـتىقلىغانلىقىدىن ئەجەبلەندۇق. ئۇ كىشـى يەنە: «ماڭا ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

« أَنْ تُؤْمِنَ بِاللّٰهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَتُؤْمِنَ بِالْقَدَرِ خَيْرِهِ وَشَرِّهِ »

«ئىمـان دېگەن: ئـاللاھقـا، ئاللاھنىڭ پەرىشـتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەتكە، ياخشـىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشـتۇرۇشـى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشـىنىشـتۇر» دېدى. ئۇ كىشـى: «راست ئېيتتىڭ» دېدى. ئاندىن: «ماڭا ئېھساننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسـسـالام: «ئېھسـان دېگىنىمىز: ئاللاھقا خۇددى ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشـتۇر، گەرچە سـەن ئاللاھنى كۆرەلمىسـەڭمۇ، ئاللاھ سېنى ھەمىشـە كۆرۈپ تۇرىدۇ» دېدى. ئۇ كىشـى: «ماڭا قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى توغرىلىق سۆزلەپ بەرگىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسـسالام: «خۇددى سـاڭا ئوخشـاش مەنمۇ ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن» دېدى. ئۇ كىشى: «ئۇنداقتا ماڭا قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدە سـۆزلەپ بەرگىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسـسـالام: «دېـدەك ئۆزىنـىڭ خوجـايىنىنى تۇغقان چاغدا؛ يالاڭ ئاياق، يالاڭتۆش، كەمبەغەل پادىچىلار چوڭ بىنالارنى سـېلىش بىلەن پەخىرلەنگەن چاغدا قىيامەت يېقىنلاشـقان بولىدۇ» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى كېتىپ قالدى. مەن ھەيران بولغانچە تۇرۇپ قاپتىمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسـسـالام: «ئى ئۆمەر، سـوئال سـورىغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسـەن؟» دەپ

سورىدى. مەن: «ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ جىبرىئىل بولىدۇ، سىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگەتكىلى كەپتۇ» دېدى. (مۇسلىم)

دېمەك، ھەقىقىي مۇئمىن چوقۇم ھەدىستە دېيىلگەن نەرسىلەرگە ئىمان ئېيتىشى زۆرۈردۇر. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنى ياراتقۇچى، يەككە-يېگانە، شېرىكسىز ئۇلۇغ رەببى بولغان ئاللاھ سۇبھانە ۋەتەئالانى ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىللەر بىلەن كۆز ئالدىدا قاراپ تۇرغاندەكلا تونۇشىدۇر. چۈنكى ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئاللاھنى تونۇماي تۇرۇپ، ئاللاھقا بولغان ئىمان، ئېتىقادى مۇكەممەل بولماي تۇرۇپ، قىلغان ياخشى ئەمەل-ئىبادەتلىرى ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىش كامىل بولغان ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر.

## پەيغەمبەرلەر كىم؟

پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللاپ چىققان ۋە ئۆزى تەرىپىدىن ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىدۇر. پەيغەمبەرلەر بارلىق گۇناھ-مەسىيەت، كەمچىلىكلەردىن پاك، مەسۇم (گۇناھسىز) زاتلاردۇر.

پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش ۋە يامان ئىشلاردىن قايتۇرۇپ، ياخشى ئىشلارغا چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن.

ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى شەرىئەت ھۆكۈملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمىرلەردۇر.

ئىنسانلار يارىتىلغاندىن بىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ كەلگەنلىكى مەلۇم. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسىملىرى بايان قىلىنمىغان. «قۇرئان كەرىم»دە پەقەت 25 پەيغەمبەرنىڭ ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلار:

ئادەم، ئىدرىس، نۇھ، ھۇد، سالىھ، ئىبراھىم، لۇت، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب، يۇسۇف، ئەييۇب، شۇئەيب، مۇسا، ھارۇن، داۋۇد، سۇلايمان، يۇنۇس، ئىلياس، ئەلىيەسەئ، زۇلكىفل، زەكەرىيا، يەھيا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى توغرىلىق سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى:

[لَمَّا سَأَلَهُ أَبُو ذَرٍّ عَنْ عَدَدِ الْأَنْبِيَاءِ وَالْمُرْسَلِيْنَ فَقَالَ ﷺ: «مِائَةُ وَأَرْبَعَةُ وَعِشْرُونَ أَلْفًا وَالْمُرْسَلُونَ مِنْهُمْ ثَلاَثُمِائَةٍ وَثَلاَثَةَ عَشَرَ»]

«ئۇلار بىر يۈز يىگىرمە مىڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇرسەللىرى ئۈچ يۈز ئون ئۈچتۇر».

## پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشتىكى ھېكمەتلەر (سەۋەبلەر)

ئاللاھنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلىرى رەھمەتتۇر. ئاللاھ بەندىلىرىگە ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇلارغا رەھمەت بىلەنمۇ مۇئامىلە قىلىدۇ. ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمى ياكى ئۆز زامانىغا رەھمەت سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن.

1. ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىنىڭ تەربىيەچىسى ۋە كۆيۈنگۈچىسى ئىكەنلىكى، ھەم مېھرىبانلىقىنى كىشىلەرگە تونۇتۇش ۋە ئۇلارنى ئىنساني مۇكەممەللىككە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەخت ـ سائادەتكە يېتەكلەش ئۈچۈن شۇ ئىنسانلار ئىچىدىن پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى تەقەززا قىلدى.

2. ئاللاھ تائالا ئىنسان ۋە جىنلارنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلسۇن، ئىبادەت قىلسۇن ئۈچۈن ياراتقان. ئىنسان بۇ دۇنياغا كېلىشتىكى بۇ ئالىي مەقسەتنى قانداق قىلغاندا تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ؟ ئەمەل ئىبادەتلەرنى قانداق قىلغاندا ئاللاھ رازى بولغۇدەك ئورۇنلىغىلى بولىدۇ؟ ئۇلارغا بۇ مەسىلىلەرنى ئۆگىتىش ۋە بىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىنسانلار ئىچىدىن پەيغەمبەرلىككە لايىق كىشىلەرنى تاللاش ۋە ئەۋەتىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

3. مۇكاپات ۋە جازا ئىتائەت ۋە قارشىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن، كىشىلەرنىڭ قىيامەت كۈنى «ئى رەببىمىز! بىز ساڭا قانداق بويسۇنۇش ۋە قانداق ئىتائەت قىلىشنى بىلەلمەپتىمىز ۋە يەنە ساڭا ئاسىي بولۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىدىنمۇ خەۋەر تاپالماپتىمىز. بىزگە ئۆز ئىچىمىزدىن بىرەر ئەلچى ئەۋەتكەن بولساڭ، ھەرگىز ئازمايتتۇق ۋە ئاسىي بولمايتتۇق. بۇ كۈندە سەن بىزگە زۇلۇم قىلمىغىن ۋە ئازابلىمىغىن» دەپ پاكىت كۆرسىتىپ تۇرۇۋالماسلىقى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئىنسانلاردىن پەيغەمبەر ئەۋەتىشى زۆرۈر بولغان.

پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش ئوچۇقتىن ئوچۇق قۇرئاننى ۋە سۈننەتنى ئىنكار قىلغانلىق بولۇپ، بۇنداق كىشى ئەلۋەتتە ئىماندىن ئادا ـ جۇدا بولغان بولىدۇ.

پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدۇر. ئەمما ئۇلارمۇ بازار رەستىلەرگە چىقىدىغان، تاماق يەيدىغان، ياشايدىغان ۋە ۋاپات بولىدىغان ئىنسانلاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر قىلىپ تاللىۋالمايدۇ. پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسىگە شەخسىي مەنپەئەت، مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن غەيرەت قىلىش ئارقىلىق ياكى سايلام ئارقىلىق چىقمايدۇ. ئۇلارنى پەقەت ئاللاھلا تاللايدۇ.

ئاللاھ ئۇلارنى ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ پاك، ئەڭ ياخشىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن

پەيغەمبەرلىككە تاللايدۇ. ئاندىن ئۇلارغا ۋەھيى ئەۋەتىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ شەرەپلىك ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن قوشۇپ ئاتىغاندى. يەنى ئۇلارغا «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى» دەپ نام بەرگەندى.

ئۇلار ئاللاھ تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن نەرسىلەر ھەققىدە خاتالاشمايدۇ. ئۇلار پاكلىق ساھىبىدۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ پاكلىقى ـ ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇن ۋە كېيىن چوڭ ـ كىچىك ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزمەسلىكى دېگەنلىكتۇر.

ئۇلار ئەڭ يۇقىرى ئىلىملىك ئىنسانلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئىلمى بارغانسېرى يۇقىرىلاپ بارىدۇكى، ھەرگىز تۆۋەنلىمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ۋەھيى ئارقىلىق ئۇلارغا ئىلىم ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىلمى بىۋاستە ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن بولىدۇ.

پەيغەمبەرلەر ئىنسانلار ئىچىدە ئاللاھنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ۋە تونۇيدىغان كىشىلەردۇر. شۇڭا، پەيغەمبەرلەر توختىماي ئىستىغپار ئېيتىدۇ.

ئاللاھ تائالا بارچە مەخلۇقاتلارنى يوقتىن بار قىلىپ، بۇ مەخلۇقلارنىڭ ئىچىدە ئىنساننى باشقا مەخلۇقلارغا قارىغاندا شەكىل جەھەتتىن ئەڭ چىرايلىق، ئورۇن ـ مەرتىۋە جەھەتتىن ئەڭ ئۈستۈن، ئەڭ ھۆرمەتلىك قىلىپ ياراتتى. ئالەمدىكى پۈتكۈل شەيئىلەرنى ئىنساننىڭ مەنپەئەتى ۋە ئۇنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن يارىتىپ بەردى. ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ ھەممە پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا ھۆرمەت سەجدىسى قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۇ پەرىشتىلەر بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى. يەر شارىنى ئاۋات قىلسۇن، تەرەققىي قىلدۇرسۇن دەپ، ئىنساننى بۇ زېمىنغا بىر ـ بىرىگە ئورۇنباسار قىلىپ ئەۋەتتى. ئاللاھ تائالا يەنە ئۆزىنىڭ رەھمەت خەزىنىسىدىن نۇرغۇنلىغان نېئمەتلەرنى ئاتا قىلدى ۋە قىلىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلاَئِكَةِ إِنِّيْ جَاعِلٌ فِيْ الأَرْضِ خَلِيفَةً قَالُواْ أَتَجْعَلُ فِيهَا مَن يُفْسِدُ فِيهَا وَيَسْفِكُ الدِّمَاءَ وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ قَالَ إِنِّيْ أَعْلَمُ مَا لاَ تَعْلَمُونَ ۞ وَعَلَّمَ آدَمَ الأَسْمَاءَ كُلَّهَا ثُمَّ عَرَضَهُمْ عَلَى الْمَلاَئِكَةِ فَقَالَ أَنْبِئُونِي بِأَسْمَاءِ هَـؤُلاءِ إِن كُنْتُمْ صَادِقِيْنَ ۞ قَالُواْ سُبْحَانَكَ لاَ عِلْمَ لَنَا إِلاَّ مَا عَلَّمْتَنَا إِنَّكَ أَنْتَ الْعَلِيْمُ الْحَكِيْمُ﴾

**تەرجىمىسى : ﴿ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە بىر خەلىپە[1] يارىتىمەن» دېگەندى. پەرىشتىلەر: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان**

---

[1] بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىنى بېسىپ، يەر يۈزىنى ئاۋاتلاشتۇرىدىغان ئىنسان.

ئىنسانىنى(خەلىپە قىلىپ)يارىتامسەن؟ ھالبۇكى، بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيەلەيمىز، مۇقەددەس دەپ ئېتىقاد قىلىمىز» دېدى. ئاللاھ: «مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن» دېدى. ئاللاھ بارلىق شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە بىلدۈردى، ئاندىن ئۇ شەيئىلەرنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «دېگەنلىرىڭلار راست بولسا بۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار» دېدى. پەرىشتىلەر: «بىز سېنى پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، سەن ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى﴾ (سۈرە بەقەرە 30 ـ، 32 ـ ئايەت).

ئاللاھنىڭ بۇ نېئمەتلىرى ساناپ تۈگەتكۈسىز بولۇپ، بۇ نېئمەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كاتتا نېئمەت ئاللاھ ھەرقايسىمىزغا ئاتا قىلغان ئىمان نېئمىتى ۋە ئىسلام نېئمىتىدىن ئىبارەت. ئاللاھ ئىنساننىڭ بۇ قىسقىغىنا ھاياتى بەخت ـ سائادەتلىك ۋە مەنىلىك ھايات بولسۇن دەپ بىزگە يەنە رەھمەت قىلىپ ئۆز دەرگاھىدىن پەرىشتىلەرنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلار ئىچىدىن ئاللاھىدە تاللانغان، نەسەب جەھەتتە ئەڭ پاك، ئەقىل ـ پاراسەت جەھەتتە ئەڭ كۈچلۈك، ئىنتايىن سەۋرچان، ئۇلۇغ، ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلىرىنى ئەۋەتتى ۋە پەيغەمبەرلىرىگە كىتابلارنى نازىل قىلدى. شۇ پەيغەمبەرلەرگە ئۆز شەرىئىتىنى ۋەھيى قىلدى. ئۇ پەيغەمبەرلەرنى ئېنىق بايانلار بىلەن ئەۋەتىپ، ئاجايىپ مۆجىزىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى قوللىدى. ئۇلار گەرچە باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش، ياشايدىغان، يەيدىغان، ئىچىدىغان، كېسەل بولىدىغان، ۋاپات بولىدىغان بولسىمۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەڭ مۇكەممىلى ۋە ئەڭ پەزىلەتلىكلىرىدۇر. ھەر بىر مۇئمىن مۇسۇلمان پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمەستىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتقاندىلا ئاندىن ئىمانى كامىل بولغان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن:

﴿ وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِيْ كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُوْلاً أَنِ اعْبُدُواْ اللهَ وَاجْتَنِبُوْا الطَّاغُوْتَ ﴾

تەرجىمىسى : ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾ (سۈرە نەھل 36 ـ ئايەت).

﴿اللهُ يَصْطَفِيْ مِنَ الْمَلَائِكَةِ رُسُلًا وَمِنَ النَّاسِ إِنَّ اللهَ سَمِيْعٌ بَصِيْرٌ ﴾

تەرجىمىسى : ﴿ئاللاھ پەرىشتىلەردىنمۇ، ئىنسانلاردىنمۇ ئەلچىلەرنى تاللايدۇ، ئاللاھ

ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾ (سۈرە ھەج 75 ـ ئايەت)

ھەر بىر مۇسۇلمان نەسەبى جەھەتتىن تولىمۇ پاك، ئەزىيەتلەرگە بەكمۇ تەقۋالىق قىلغۇچى، ئۇممىتىگە مېھرىبان، گۇناھ ـ مەسىيەتلەردىن يىراق بولغۇچى پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخىنى، ئىش ـ ئىزلىرىنى ئۆگىنىشى ۋە ئۇنى بىلىۋېلىشى تولىمۇ زۆرۈر. جۈملىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ۋە تارىخىنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز بەكمۇ زۆرۈر. ئۇ زاتنىڭ پەيغەمبەرلىك ھاياتىدىكى ئىش ـ پائالىيەتلىرى، ھەدىسلىرىنى ئۆگىنىپ، ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانداق ئىتائەت قىلغانلىقى تونۇپ يېتىپ، ئۆزىمىزنىڭ ھەر ساھە ئىش ـ پائالىيەتلىرىمىزنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك سۈننەت يوللىرىغا تەتبىقلىيالىساق، ئۆزلەشتۈرەلىسەك، توغرا تولدا يۈرگەن بولىمىز؛ مانا بۇ رەسۇلىمىزغا بولغان ئىتائىتىمىزنىڭ ۋە ئۇنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلىكىمىزنىڭ بىر ئىپادىسى. ئەكسىچە بىز رەسۇلۇللاھنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەپ تىلىمىز بىلەن ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، ئەمەلىيىتىمىزنى، ھەر خىل ئىش ـ پائالىيەتلىرىمىزنى سۈننەت يوللىرىغا ئۇيغۇنلاشتۇرمىساق، ئۇنى ئۈلگە قىلمىساق رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلغان بولمايمىز ۋە مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇممىتى دېيىشكىمۇ سالاھىيىتىمىز توشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىمانىنى دىلىمىز، قەلبىمىز بىلەن تەستىق قىلىپ، تىلىمىز بىلەن ئىقرار قىلىپ، ئۆز ئەمەلىيىتىمىز بىلەن ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك. مانا بۇ ھەقىقىي ئىماندۇر.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالەملەرگە رەھمەت بولۇپ كەلگەنلىكى ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِّلْعَالَمِيْنَ﴾

تەرجىمىسى : ﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾ (سۈرە ئەنبىيا 107 ـ ئايەت).

## پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىش قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىشتا تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى بىلىش ئىنتايىن مۇھىم:

1) ئاللاھ تائالا ھەرقانداق ئۇممەتكە شۇ ئۇممەتنىڭ ئىچىدىن پەقەت بىرلا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئاللاھتىن باشقا ھېچبىرىگە ئىبادەت قىلماسلىققا بۇيرۇيدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلگەن:

﴿ وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُوْلاً أَنِ اعْبُدُوْا اللهَ وَاجْتَنِبُواْ الطَّاغُوتَ ﴾

تەرجىمىسى : ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۇممەتكە: «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾ (سۈرە نەھل 36 ـ ئايەت).

2) ئۇ پەيغەمبەرلەر راستچىل، دۇئاسى مەقبۇل، پاك، ھەق يولدا ماڭغۇچى، ئابرۇيلۇق، تەقۋادار، ئىشەنچلىك، باشلامچى، ئۆز پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن كەسكىن دەلىل ۋە ئوچۇق ئايەتلەر ئارقىلىق ئۇممەتنى ھىدايەتكە باشلىغۇچى، شۇنداقلا ئاللاھ تائالا ئۇلار ئارقىلىق ئەۋەتكەن بارلىق نەرسىلەرنى يوشۇرۇپ قالماي، ئۆزگەرتمەي، بىرەر ھەرپىنىمۇ قوشۇپ قويماي، ياكى كەمەيتىپ قويماي يەتكۈزگەن. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿وَمَا عَلَيْنَا إِلاَّ الْبَلاَغُ الْمُبِينُ ﴾

تەرجىمىسى : (ئەلچىلەر) ﴿بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىشتۇر﴾ دېدى (سۈرە ياسىن 17 ـ ئايەت).

3) ھەممە پەيغەمبەرلەر ئۆز زامانىسىدا ئاشكارا ھەقىقەت ئۈستىدە بولغان دەپ چىن دىلىدىن ئىشىنىش زۆرۈر.

ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە دوست تۇتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلەشتى. ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنى يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈردى. ئىيسا ئەلەيھىسسالام بولسا ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى، مەريەم ئانىمىزغا تاشلىغان كەلىمىسى ۋە روھتۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەزىلەتلىك قىلدى.

**پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشتە تۆۋەندىكىلەرگە ئەمەل قىلىش زۆرۈر :**

1. ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش.

كىمكى ئۇلارنىڭ بىرىگە ئىمان ئېيتمايدىكەن، ھەممىسىگە ئىمان ئېيتمىغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ﴿كَذَّبَتْ قَوْمُ نُوحٍ الْمُرْسَلِينَ ﴾

تەرجىمىسى: ﴿نۇھنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى يالغانچى دېدى﴾ (سۈرە شۇئەرا 105 ـ ئايەت)

نۇھنىڭ قەۋمى نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان پەيتىنىڭ ئۆزىدە باشقا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلمىگەن بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشىنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى بىلەن باراۋەر ھېسابلىدى. شۇنىڭغا بىنائەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغان، ئۇنىڭغا ئەگەشمىگەن خىرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامغىمۇ

ئەگەشمىگەن ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغان يالغانچىلار ھېسابلىنىدۇ.

2. پەيغەمبەرلەردىن رىۋايەت قىلىنغان توغرا ۋە ئىشەنچلىك خەۋەرلەرنى ئېتىراپ قىلىش لازىم.

3. شۇ پەيغەمبەرلەر ئىچىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتكە ئەمەل قىلىش لازىم.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزگىچىلىكى

بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىنىڭ يىلتىزى بىر بولۇپ، ھەممە پەيغەمبەرنىڭ ئورتاق شوئارى «بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىشتۇر».

﴿وَأَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ الْكِتَابِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ فَاحْكُمْ بَيْنَهُم بِمَا أَنزَلَ اللّهُ وَلاَ تَتَّبِعْ أَهْوَاءَهُمْ عَمَّا جَآءَكَ مِنَ الْحَقِّ لِكُلٍّ جَعَلْنَا مِنْكُمْ شِرْعَةً وَمِنْهَاجًا وَلَوْ شَاءَ اللّهُ لَجَعَلَكُمْ أُمَّةً وَاحِدَةً وَلَـكِنْ لِّيَبْلُوَكُمْ فِي مَآ ءَاتَاكُمْ فَاسْتَبِقُوْا الْخَيْرَاتِ إِلَى اللهِ مَرْجِعُكُمْ جَمِيْعًا فَيُنَبِّئُكُمْ بِمَا كُنتُمْ فِيْهِ تَخْتَلِفُوْنَ﴾

تەرجىمىسى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتاب (قۇرئان)نى نازىل قىلدۇق. سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا اللە ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن چەتنەپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. (ئى ئۇممەتلەر!) سىلەردىن ھەر بىر ئۇممەتكە بىرخىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر اللە خالىسا، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۇممەت قىلاتتى. لېكىن، اللە سىلەرگە بەرگەن شەرىئەتلەر بويىچە، سىلەرنى سىناش ئۈچۈن كۆپ ئۇممەت قىلدى. ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار. ھەممىڭلار اللە نىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر (نىڭ قايسىسىنىڭ ھەق، قايسىسىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكى) توغرىسىدا اللە سىلەرگە خەۋەر بېرىدۇ﴾ (سۈرە مائىدە 48 ـ ئايەت).

بىز ئىسمىنى بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان تارىختىكى پەيغەمبەرلەر، ئۆز قەۋمىنى دەۋەت قىلغان دىن ئارىسىدا ھېچقانداق زىددىيەت مەۋجۇت بولغان ئەمەس، بارلىق پەيغەمبەرلەر چاقىرىق قىلغان دەۋەتنىڭ پىرىنسىپ، غايىلىرى بىردۇر ۋە ماھىيىتى ئوخشاشتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ قَبْلِكَ مِنْ رَسُولٍ إِلَّا نُوحِيْ إِلَيْهِ أَنَّهُ لاَ إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدُونِ﴾

تەرجىمىسى :﴿ (ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: ”مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار“ دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾ (سۈرە ئەنبىيا 25 ـ ئايەت).

«قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ بىرلىكى كۆپلىگەن ئايەتلەردە ئالاھىدە ئەسكەرتىلىپ، بارلىق پەيغەمبەرلەر كوللېكتىپ خىزمەتتىكى ئوخشاش غايىلىك قېرىنداشلاردىن ئىكەنلىكى، ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقى ئېنىق قەيت قىلىنغان. بۇ ھەقتە ئاللاھتا ئالامۇنداق دەيدۇ :

﴿شَرَعَ لَكُمْ مِنَ الدِّيْنِ مَا وَصَّى بِهِ نُوحًا وَالَّذِي أَوْحَيْنَاإِلَيْكَ وَمَا وَصَّيْنَا بِهِ إِبْرَاهِيْمَ وَمُوسَى وَعِيْسَى أَنْ أَقِيْمُواالدِّيْنَ وَلا تَتَفَرَّقُوا﴾

تەرجىمىسى: ﴿ (ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا ۋەھيى قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىساغا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى، يەنى سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقچىلىق قىلماڭلار، دەپ تەۋسىيە قىلدى﴾ (سۈرە شۇرا 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

يەنە بىر ئايەتتە :

﴿قُلْ آمَنَّا بِاللهِ وَمَا أُنْزِلَ عَلَيْنَا وَمَا أُنْزِلَ عَلَى إِبْرَاهِيْمَ وَإِسْمَاعِيْلَ وَإِسْحَاقَ وَيَعْقُوبَ وَالأَسْبَاطِ وَمَا أُوْتِيَ مُوْسَى وَعِيْسَى وَالنَّبِيُّونَ مِنْ رَبِّهِمْ لاَ نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِنْهُمْ وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) «بىز ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان قۇرئانغا، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، مۇساغا بېرىلگەن تەۋراتقا، ئىساغا بېرىلگەن ئىنجىلغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن كىتابلارغا ئىمان ئېيتتۇق، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ (پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتا) ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز، بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز» دېگىن﴾ (سۈرە ئال ـ ئىمران 84 ـ ئايەت).

پەرقلىق زامان ۋە ماكاندىكى بىز دەۋاتقان ئومۇمىي دىنىي بىرلىك بولسا، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى تەبىئىي فىترەتتە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدىغان تۇغما خاراكتېر ـ ئاللاھنىڭ دىنىدۇر. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:

[عَنْ اَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ : «كُلُّ مَوْلُودٍ يُوْلَدُ عَلَى الْفِطْرَةِ فَأَبَوَاهُ

يُهَوِّدَانِهِ أَوْ يُنَصِّرَانِهِ أَوْ يُمَجِّسَانِهِ»] (رَوَاهُ الْبُخَارِي)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ھەر بىر ئىنسان ئەۋلادىنى ئاللاھنى تونۇشتىن ئىبارەت ساغلام تەبىئەت (توغرا ئەقىدە، ساغلام خاراكتېر) ئۈستىدە يارىتىدۇ، بىراق ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يا يەھۇدىي قىلىدۇ ياكى خرىستىئان قىلىدۇ ياكى مەجۇسىي قىلىدۇ».

بۇ يەردىكى ساغلام خاراكتېردىن، پەقەت ساغلام قەلب، ساغلام ئىدىيە مەقسەت قىلىنىدۇ، بۇ ساغلاملىق ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتىن ئىبارەت ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتلىق سالاھىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئىلگىرىكى پەيغەمبەر بىلەن ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ : «مَثَلِيْ وَمَثَلُ الأَنْبِيَاءِ كَمَثَلِ قَصْرٍ أُحْسِنَ بُنْيَانُهُ، تُرِكَ مِنْهُ مَوْضِعُ لَبِنَةٍ، فَطَافَ بِهِ النُّظَّارُ يَتَعَجَّبُونَ مِنْ حُسْنِ بُنْيَانِهِ إِلاَّ مَوْضِعُ تِلْكَ اللَّبِنَةِ لاَ يَعِيْبُوْنَ سِوَاهَا، فَكُنْتُ أَنَا سَدَدْتُ مَوْضِعَ تِلْكَ اللَّبِنَةِ، خُتِمَ بِيَ الْبُنْيَانُ، وَخُتِمَ بِيَ الرُّسُلُ»]

وَفِي رِوَايَةٍ: [«فَأَنَا اللَّبِنَةُ وَأَنَا خَاتِمُ النَّبِيِّيْنَ»] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن ۋە پەيغەمبەرلەر ئىنتايىن چىرايلىق ياسالغان، لېكىن بىر كېسەكنىڭ ئورنى تاشلاپ قويۇلغان قەسىرگە ئوخشايمىز. كۆرگۈچىلەر ئۇ قەسىرنى ئايلاندى، ئۇلار ئاشۇ بوش قويۇلغان كېسەكنىڭ ئورنىدىن باشقا، ئۇ قەسىرنىڭ چىرايلىق قۇرۇلمىسىدىن ھەيران قالدى. مەن ئاشۇ كېسەكنىڭ ئورنىنى تولدۇردۇم. مەن بىلەن بىنا تاماملاندى ۋە مەن بىلەن پەيغەمبەرلەر تاماملاندى».

يەنە بىر رىۋايەتتە: «مەن (ئاشۇ بىر تال) كېسەكتۇرمەن ۋە مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى» (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

## ئاخىرقى پەيغەمبەر

ئاخىرقى پەيغەمبەر بولسا ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولۇپ، پۈتكۈل ئالەمگە، جۈملىدىن تاكى قىيامەتكىچە كېلىدىغان بارلىق ئىنسانلار ۋە جىنلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. شۇ سەۋەبتىن بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿مَّا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَا أَحَدٍ مِّنْ رِّجَالِكُمْ وَلَكِنْ رَّسُولَ اللهِ وَخَاتَمَ النَّبِيِّيْنَ وَكَانَ اللهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيْمًا﴾

تەرجىمىسى : ﴿مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن ئۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾ (سۈرە ئەھزاب 40 ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: [أَنَا خَاتَمُ النَّبِيِّيْنَ وَلاَ نَبِيَّ بَعْدِيْ] (رَوَاهُ أَحْمَدُ)

«مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، مەندىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ»

ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسى بىرەر يۇرتقا ياكى بىرەر مىللەتكە ياكى جەمەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن بولسا، ئاخىرقى پەيغەمبەر يەنى بىزنىڭ رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تاكى قىيامەتكىچە كېلىدىغان بارلىق كىشىلەرگە، بارلىق مىللەتكە، بارلىق قەبىلىگە، جۈملىدىن بارلىق ئىنسان ۋە جىنلارغا ئورتاق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿قُلْ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنِّيْ رَسُولُ اللهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعًا الَّذِيْ لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ لاَ إِلَـهَ إِلاَّ هُوَ يُحْيِـيْ وَيُمِيْتُ فَآمِنُواْ بِاللهِ وَرَسُولِهِ النَّبِيِّ الأُمِّيِّ الَّذِيْ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَكَلِمَاتِهِ وَاتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُوْنَ﴾

تەرجىمىسى :﴿ (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، (شۇنىڭدەك)ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسىگە ـ ساۋاتلىق بولمىغان پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار﴾ (سۈرە ئەئراف 158 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَنَّ النَّبِيَّ ﷺ قَالَ: «أُعْطِيْتُ خَمْسًا لَمْ يُعْطَهُنَّ أَحَدٌ قَبْلِيْ: نُصِرْتُ بِالرُّعْبِ مَسِيْرَةَ شَهْرٍ، وَجُعِلَتْ لِي اَلْأَرْضُ مَسْجِدًا وَطَهُورًا، فَأَيُّمَا رَجُلٍ أَدْرَكَتْهُ اَلصَّلَاةُ فَلْيُصَلِّ»] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

ماڭا مەندىن ئىلگىرى ھېچكىمگە بېرىلىپ باقمىغان بەش ئىش بېرىلدى: ماڭا بىر ئايلىق مۇساپىدىن دۈشمەنگە قورقۇنچ پەيدا قىلىش ئارقىلىق ياردەم بېرىلدى؛ زېمىننىڭ ھەممە يېرى مەسچىت ۋە پاك قىلىپ بېرىلدى؛ ھەر قانداق ئادەم نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇماقچى بولسا قايسى يەر قولايلىق بولسا شۇ يەردە ئوقۇسۇن، مەندىن ئىلگىرى ھېچكىمگە ھالال

قىلىنمىغان غەنىيمەت ماڭا ھالال قىلىندى، ماڭا شاپائەت قىلىش ئىمتىيازى بېرىلدى، بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۆز مىللىتىگىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلەتتى، ئەمما مەن پۈتۈن جاھان ئەھلىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ قىممەت-ئېتىبارى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى تاماملىدى. شۇنداقلا ئۇنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە ئۇلاشتى.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ كىتاب ۋە مەرھەمەتلىك پەيغەمبەر ئارقىلىق ئىنسانلارغا ئەۋەتىلىدىغان دىن ۋە نېئمەتلىرىنى تاماملىدى. ئايەتتە مۇنداق كەلگەن:

﴿أَلْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِيْنَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيْتُ لَكُمُ الإِسْلاَمَ دِيْنًا﴾

تەرجىمىسى: ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى كامالىغا يەتكۈزدۇم، سىلەرگە نېئمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾ (سۈرە مائىدە 3-ئايەتنىڭ بىرقىسمى).

خۇلاسە قىلغاندا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلىق بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتقانلىقتۇر.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئامانەتلىرىدىن بىرى دىني دەۋەت بولۇپ، بۇ چوقۇم داۋاملىششى كېرەك. ئۇنداق بولسا، ئالەملەرگە رەھمەت، بىزگە نېئمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتى بولغان بىز نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ پەيغەمبىرىمىز بىزگە نېمىنى تەۋسىيە قىلدى؟

[بَلِّغُوْا عَنِّيْ وَلَوْ أَيَةً] «ماڭا ۋاكالىتەن بىر ئايەت بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار.» (رواه البخاري)

بۇ بۇيرۇق بارلىق ئۇممىتى مۇھەممەدىيەگە ئورتاق بولۇپ، مەيلى بىز كىم بولايلى، قايسى يۇرتتا، قايسى ساھەدە بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر بىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىمىز ھەر ۋاقىت، ھەر قاچان «دەۋەت» تىن ئىبارەت مۇھىم ھالقا بولۇشى كېرەك. شۇندىلا بىز پەيغەمبەرگە ھەقىقىي رەۋىشتە ئىمان ئېيتقان بولىمىز. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇممىتى بولۇشقا لايىق بولىمىز. قىيامەت كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشەلەيمىز. ئاللاھ بىزگە مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلسۇن، ئامىين!

5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى (جۈمە)

# ئىتتىپاقلىقتا ئەھمىيەت بېرىپ، جەمئىيەت ئىناقلىقنى قولغا كەلتۈرەيلى

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

إِنَّ الْحَمْدَ لِلّٰهِ نَحْمَدُهُ وَنَسْتَعِيْنُهُ وَنَسْتَغْفِرُهُ وَنَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنْ شُرُوْرِ أَنْفُسِنَا وَمِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا مَنْ يَهْدِهِ اللّٰهُ فَلا مُضِلَّ لَهُ وَمَنْ يُضْلِلْ فَلا هَادِيَ لَهُ وَأَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لا شَرِيكَ لَهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَعَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ أَجْمَعِيْنَ . أَمَّا بَعْدُ :

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك جامائەتلەر! ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ: أَسْتَعِيْذُ بِاللّٰهِ : ﴿وَاعْتَصِمُوْا بِحَبْلِ اللّٰهِ جَمِيْعًا وَلَا تَفَرَّقُوْا﴾

تەرجىمىسى: ﴿ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار، بۆلۈنمەڭلار﴾ (سۈرە ئال ئىمران 103 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتىكى:

[اَلْمُؤْمِنُ لِلْمُؤْمِنِ كَالْبُنْيَانِ يَشُدُّ بَعْضُهُ بَعْضًا، وَشَبَّكَ بَيْنَ أَصَابِعِهِ]

«مۆمىنلەر بىلەن مۆمىنلەر خۇددى ھەرقايسى بۆلەكلىرى بىر ـ بىرىگە زىچ كىرىشتۈرگەن بىر ئىمارەتكە ئوخشاش ئۆزئارا باغلانغان.» (رەسۇلۇللاھ بۇ گەپنى دەۋېتىپ بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ كۆرسەتكەن) (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

يۇقارقى ئايەت ۋە ھەدىس بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ نەقەدەر مۇھىم تېما ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئىتتىپاقلىق بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىدۇر، شۇنداقلا بىر جەمئىيەت، بىر كوللېكتىپ، بىر ئائىلىنىڭ ئۇيۇشۇش ئاساسى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىمىزنىڭ مەنبەسىدۇر. تەپرىقىچىلىك بولسا ئاللاھ تائالانىڭ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ تەلىماتىغا تۈپتىن خىلاپ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستىكى ئىتتىپاقلىققا دائىر مەزمۇنلارنى قايتا ـ قايتا ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ بۇيۇك ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن بىر كىشىلىك

ھەسسە قوشۇش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز.

ئىسلام دىنىنىڭ نەزەرىيەسى شۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغانكى، «لَا إِلَهَ إِلَّا اللّٰهُ مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللّٰهِ» دەپ ئىمان ئېيتقان ھەرقانداق مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى، ھەرىكىتىنى، ھېسسىياتى ۋە ئادىتىنى ئەنە شۇ ئىمان ئۈستىدە بىرلىككە كەلتۈرۈشى لازىم.

شۈبھىلىك قىلىپ ئىشلاشقا، بىز مۇسۇلمانلار ھەممىمىز بىر ئەقىدىدە، بىر پىكىردە، بىر سەپتە تۇرۇپ، بىر خىل قائىدە ـ يوسۇندا، بىر قىبلىگە يۈز كەلتۈرگەن ھالەتتە پائالىيەت ئېلىپ بارىمىز. بۇ خىل بىرلىك ـ ئىتتىپاق دەل «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىن ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن ئېلىنغان ئاڭ ـ پىكىر بىرلىكىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

قَالَ اللّٰهُ تَعَالَى: ﴿وَأَنَّ هٰذَا صِرَاطِيْ مُسْتَقِيْمًا فَاتَّبِعُوْهُ وَلَا تَتَّبِعُوا السُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَنْ سَبِيلِهِ ذٰلِكُمْ وَصَّاكُم بِهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُوْنَ﴾

تەرجىمىسى: ﴿بۇ ھەقىقەتەن مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر. شۇڭا، سىلەر مۇشۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇ ناتوغرا يوللار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ. دوزاختىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلدى.﴾ (سۈرە ئەنئام 153 ـ ئايەت)

يۇقىرىقى ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى پەقەتلا ئۆزىنىڭ توغرا يولىدا مېڭىشقا بۇيرۇدى، چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرىكەتتە بىرلىككە كېلىشى ئۈچۈن بىر خىل ئاڭ ـ ئىدىيەنىڭ، بىر ئېتىقادنىڭ بولۇشى ناھايىتى زۆرۈر. دەل مۇشۇ ئاڭ ـ ئىدىيە ئاللاھ تائالانىڭ توغرا يولى بولغان ئىسلام دىنىدۇر، ئۇنىڭ ئاساسىي بولسا ھەممىمىزنى بىر ئەقىدە ئۈستىدە بىرلىككە كەلتۈرىدىغان «قۇرئان كەرىم» دۇر.

يۇقىرىقى ئايەتتە ئاللاھ تائالا يەنە بىزنى ناتوغرا يوللاردا ماڭماسلىققا ئاگاھلاندۇردى. چۈنكى ھەممە تەرەپتە ئازدۇرغۇچى شەيتان بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى ئۇ تەرەپ ـ بۇ تەرەپكە، مەشرىق ـ مەغرىبكە، ئوڭغا ـ سولغا ۋە ھەر خىل ئىدىيەلەرگە بۆلۈۋېتىدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتە بىز ئېسىلىدىغان، يۆلىنىدىغان، چىڭ تۇتىدىغان ئاساسنىڭ بولۇشى بەكمۇ زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە:

قَالَ اللّٰهُ تَعَالَى: ﴿وَاعْتَصِمُوْا بِحَبْلِ اللّٰهِ جَمِيْعًا وَلَا تَفَرَّقُوْا﴾

تەرجىمىسى: ﴿ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار، بۆلۈنمەڭلار﴾ (سۈرە ئال ئىمران 103 ـ ئايەت)

دېمەك، بىز ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسىدە چىڭ تۇرىدىغانلا بولساق، ھەرگىز

بۆلۇنۇپ كەتمەيمىز. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ بىرلىككە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن، تارىخقا قارايدىغان بولساق، ئۆز ۋاقتىدا كىچىككىنە بىر ئەرزىمەس ماجىرا سەۋەبلىك 120 يىل جەڭگى ـ جېدەل قىلغان ئىككى قەبىلىنى پەيغەمبەرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئىسلامغا كىرگۈزۈپ، جاھىلىيەتنىڭ ئىختىلاپ ۋە ئاداۋەتلىرىنى تۈگەتكەن.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ھەم ئۇلارغا «سىلەرنىڭ ئەۋس، خەزرەج دېگەن نامىڭلار ئەمدى تۈگىدى، ھازىرقى ئىسمىڭلار ئەنسارى بولىدۇ، ئەۋس، خەزرەج ئەمەس! سىلەرنى ئۆزئارا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ بىرلەشتۈرگەن نەرسە ئىسلام» دېگەن، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلىتىپ «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بەرگەن. ئۇلار يىغلىشىپ، بىر ـ بىرىنى قۇچاقلىشىپ كەتكەن.

دەل شۇ ۋەقەلىك بىزگە بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىقنىڭ ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى، بۆلۈنۈش ۋە تەپرىقىچىلىكنىڭ ئازغۇنلۇق ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ھەرقانداق كىشىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىگە ئەگەشكەندە ئاندىن توغرا يولدىن چىقىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ۋە بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىقتا ئاللاھ تائالانىڭ كالامى «قۇرئان كەرىم» گە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى چوڭقۇر تونۇتتى. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ قَالَ : الْمُؤْمِنُ لِلْمُؤْمِنِ كَالْبُنْيَانِ يَشُدُّ بَعْضُهُ بَعْضًا ، وَشَبَّكَ بَيْنَ أَصَابِعِهِ] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

«مۆمىنلەر بىلەن مۆمىنلەر خۇددى ھەرقايسى بۆلەكلىرى بىر ـ بىرىگە زىچ كىرىشتۈرگەن بىر ئىمارەتكە ئوخشاش ئۆزئارا باغلانغان» (رەسۇلۇللاھ بۇ گەپنى دەۋېتىپ بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ كۆرسەتكەن) (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلارنى خۇددى بىر پۇختا بىناغا ئوخشاتقان بولسا، تۆۋەندىكى ھەدىستە مۇسۇلمانلارنى خۇددى بىر بەدەنگە ئوخشىتىپ مۇنداق دېگەن:

[عَنْ النُّعْمَانِ بْنِ بَشِيْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: مَثَلُ الْمُؤْمِنِينَ فِي تَوَادِّهِمْ وَتَرَاحُمِهِمْ وَتَعَاطُفِهِمْ مَثَلُ الْجَسَدِ إِذَا اشْتَكَى مِنْهُ عُضْوٌ تَدَاعَى لَهُ سَائِرُ الْجَسَدِ بِالسَّهَرِ وَالْحُمَّى]

«مۆمىنلەر ئۆزئارا دوستلىشىشتا، كۆيۈنۈشتە ۋە يار ـ يۆلەك بولۇشتا بىر پۈتكۈل بەدەنگە

ئوخشايدۇ. بەدەننىڭ بىرەر يېرى ئاغرىسا، ئۇيقۇ قېچىپ ۋە پۈتكۈل بەدەن قىزىپ ئارامسىزلىنىدۇ» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

دېمەك رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىقى ئىككى ھەدىستە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈشى توغرىسىدا ئېنىق كۆرسەتمە بەرگەن، ئاللاھ تائالانىڭ بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بىردەك ئىتتىپاق بولۇپ ئۆتۈشىنى تەلەپ قىلغان.

**1. ئۆزئارا ئەپۇچان بولۇش**

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا تَكُونُوْا كَالَّذِيْنَ تَفَرَّقُوا وَاخْتَلَفُوْا مِنْ بَعْدِ مَا جَاءَهُمُ الْبَيِّنَاتُ وَأُولَٰئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ عَظِيْمٌ﴾

تەرجىمىسى: ﴿سىلەر روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن بۆلۈنۈپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ (3 ـ سۈرە ئال ئىمران 105 ـ ئايەت)

يۇقىرىقى ئايەتتە ئاللاھ تائالا بىز مۇسۇلمانلارنى بۆلۈنۈشتىن ۋە ئىختىلاپ قىلىشتىن، ئەھلى كىتابتەك ئىختىلاپ قىلىشىپ توغرا يولدىن چىقىپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرغان. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[لَا تَخْتَلِفُوْا فَإِنَّ مَنْ كَانَ قَبْلَكُمُ اِخْتَلَفُوا فَهَلَكُوا] (رواه البخارى)

«ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، چۈنكى سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر ئىختىلاپ قىلىشقاندىن كېيىن ھالاك بولۇپ كەتكەن» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە يەنە مۇنداق دېگەن:

قَالَ اللّٰهُ تَعَالَى: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُوْا بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ وَاتَّقُوْا اللّٰهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُوْنَ﴾

تەرجىمىسى: ﴿مۆمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى قېرىنداشىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ قويۇڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار﴾ (سۈرە ھۇجۇرات 10 ـ ئايەت)

يۇقىرىقى ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى بىر ـ بىرى بىلەن بىر نەرسە دېيىشىپ ياكى ئازارلىشىپ قالغاندا ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشقا بۇيرۇغان. ئىنسانچىلىقتا يا ئۇنداق، يا بۇنداق ئىشلار ۋە مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر بىر يەردىن چىقماسلىق سەۋەبىدىن بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ قالىدۇ. بۇنداق ئىشلار يۈز بېرىپ قالسا، مۇسۇلمان قېرىنداشلار يۇقىرىقى ئايەتنىڭ روھى بويىچە، كەڭ قوساقلىق بىلەن بىر ـ بىرىنى ئەپۇ قىلىشى، ئىناقلىق ـ ئىتتىپاقلىقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى، باشقىلار ئارىسىدا بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەن بولسا، ئۇلارنى

ياراشتۇرۇپ، ئەپ ـ ئىناق ئۆتۈشكە ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[تُعْرَضُ الْأَعْمَالُ فِي كُلِّ يَوْمِ خَمِيْسٍ وَاثْنَيْنِ فَيَغْفِرُ اللهُ فِي ذَلِكَ الْيَوْمِ لِكُلِّ امْرِئٍ لَا يُشْرِكُ بِاللهِ شَيْئًا إِلَّا امْرَأً كَانَتْ بَيْنَهُ وَبَيْنَ أَخِيهِ شَحْنَاءُ فَيَقُولُ أُتْرُكُوْا هَذَيْنِ حَتَّى يَصْطَلِحَا] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

«دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى تامام ئەمەللەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئاللاھ ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن ھەر بىر بەندىنى ئاللاھ مەغپىرەت قىلىدۇ. لېكىن بىر كىشىنىڭ ئۆزى بىلەن قېرىندىشى ئوتتۇرىسىدا ئاداۋىتى بولسا، بۇ ئىككىسى يارىشىپ قالغۇچە كېچىكتۈرۈڭلار دېيىلىدۇ» (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىقى ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەندىلەرنىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرەت بولىشىدىكى ئالدىنقى شەرتنىڭ ئۆزئارا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىكنى تاشلاش ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

دېمەك، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزىدىغان ھەرقانداق قىلمىش خاتا بولۇپ، بۇ ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىغىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا دىققەت قىلمىساق، ئىلگىرىكى ياخشى ئەمەللىرىمىز زايە بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنِ الزُّبَيْرِ بْنِ الْعَوَّامِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: دَبَّ إِلَيْكُمْ دَاءُ الْأُمَمِ قَبْلَكُمُ الْحَسَدُ وَالْبَغْضَاءُ هِيَ الْحَالِقَةُ حَالِقَةُ الدِّينِ لَا حَالِقَةَ الشَّعْرِ] (رَوَاهُ التِّرْمِذِي)

«سىلەرگە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردىكى ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك ئومۇملاشتى. ئۇ ئۇستۇرغا ئوخشايدۇ، ئۇ چاچنى چۈشۈرىدىغان ئۇستۇر بولماستىن، بەلكى دىننى قىرقىيدىغان ئۇستۇردۇر» (تىرمىزى).

يۇقىرىقى ھەدىسلەر شۇنى بىلدۈرىدۇكى، ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت ۋە ھەسەتخورلۇق ئەقىدىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ئىناق ـ ئىتتىپاق بولۇشى ئىماننىڭ ۋە دىننىڭ تەلىپىدۇر، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشى، بۆلۈنىشى گۇمراھلىقنىڭ ۋە زاۋاللىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

**2. باشقىلار بىلەن كېلىشىپ، ئەپ ئۆتەلەيدىغان بولۇش**

ئىسلام دىنى كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىشتا ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۆزئارا

ياردەملىشىشتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈلگىلىك رول ئوينىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُمْ مِّنْ ذَكَرٍ وَأُنْثَىٰ وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوْا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللهَ عَلِيْمٌ خَبِيْرٌ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئەر، بىر ئايالدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق. ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾** (سۈرە ھۇجۇرات 13 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا بارلىق ئىنساننى بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتقانلىقىنى بايان قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ بىر مەنبەدىن كۆپەيگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇڭا، ھەرقانداق ئىنسان ئۆز ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق سۈپىتى، ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ ئۇنىڭ ئادىمىيلىك روھىنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى يارىتىشىدا مەلۇم مەقسەت بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىنسانلارنىڭ ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشىدىن قالسىلا ياخشى ئىشلارنى قىلىشىدۇر. (قەرزاۋى دېگەن سۆز)

بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ ھاياتىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، بۇنىڭ جانلىق ئۈلگىلىرىنى ۋە تېپىك مىساللىرىنى كۆرەلەيمىز. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى بىر يەھۇدىينى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىسىنى ناھايىتى چىرايلىق رەۋىشتە چۈشەندۈرگەن، ئۇ يەھۇدىي مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستانە مۇئامىلىسىدىن تەسىرلىنىپ ئىسلامنى قوبۇل قىلغان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىش ئالدىدا: [اَلْحَمْدُ للهِ الَّذِي أَنْقَذَهُ بِيَ مِنْ النَّارِ] (رَوَاهُ البُخَارِي)

**«مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن ئۇنى دوزاختىن قۇتقۇزۇپ قالغان ئاللاھ تائالاغا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن» دېگەن (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان).**

بۇ ۋەقە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باشقا دىندىكىلەر بىلەن بولغان مەنىۋى جەھەتتىكى مۇئامىلىسىنىڭ ئىنتايىن ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغان

ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ساۋۇتىنىڭ بىر يەھۇدىينىڭ ئۆيىدە رەنىگە قويۇلغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا دىندىكىلەر بىلەن بولغان ماددىي جەھەتتىكى مۇئامىلىسىنىڭمۇ ئىنتايىن ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەردىن قانداق بىر نەرسىنى سورىسا، ساھابىلەرنىڭ ئۇنى دەرھال بەجانىدىل ئورۇنلايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى بىر غەيرىي مۇسۇلمانغا[①] رەنىگە قويۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە لازىملىق نەرسىنى ئېلىشتا، ساھابىلەرگە ۋە پۈتكۈل ئۈممەتكە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە غەيرىي مۇسۇلمانلار بىلەن ئوبدان مۇئامىلىدە بولۇشنىڭ جانلىق ئۈلگىسىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغانىدى.

رەسۇلۇللاھ بىر كۈنى كىشىلەرنىڭ بىر مېيىتنى ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرغان. ساھابىلەر ئۇنىڭ بىر يەھۇدىي ئايال ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، پەيغەمبەرىمىز: [أَلَيْسَتْ نَفْسًا؟] (رَوَاهُ البُخَارِي)

«ئۇمۇ بىر جان ئەمەسمۇ؟» دېگەن (بۇخارى).

مانا بۇ ئىشتىن بىز ئۆزىمىزنىڭ ئېتىقادىمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ بىر ئىنسان ئىكەنلىكىمىزنى، شۇڭا بىز ئىنسانلىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە ئۆز بەندىلىرى ئىچىدىكى ياخشى كىشىلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَيُطْعِمُونَ الطَّعَامَ عَلَىٰ حُبِّهِ مِسْكِينًا وَيَتِيمًا وَأَسِيرًا﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ.﴾ (سۈرە ئىنسان 8 ـ ئايەت)

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «ئەسىرگە ياخشىلىق قىلىش» ئىشى ياخشىلىقنىمۇ پەقەت باشقا دىندىكى ئەسىرلەرگە قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسلام دىنىمىز قوشنىدارچىلىق جەھەتتە باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ياردەم بېرىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىندۇر.

ئىناق ـ ئىتتىپاقلىق ھەرقانداق ئائىلىنى، قەبىلىنى، يۇرتنى، مىللەتنى، جەمئىيەتنى، دۆلەتنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ، شۇنداقلا ئىززەت ـ ھۆرمەتلىك قىلىدۇ؛ ئىناقسىزلىق بولسا ھەرقانداق ئائىلىنى، قەبىلىنى، يۇرتنى، مىللەتنى،

---

①غەيرىي مۇسۇلمان: ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغانلارنى كۆرسىتىدۇ

جەمئىيەتنى، دۆلەتنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈردۇ ۋە خانىۋەيران قىلىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللام ئېيتقاندەك: بىر مىللەتنىڭ خار ـ زەبۇنلۇقى ئىككى ئىش بىلەن بولىدۇ. بىرى بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق، يەنە بىرى تەپرىقچىلىك ۋە ئىختىلاپتۇر.

قېرىنداشلار! ئىتتىپاقسىزلىقىمىز سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان زىيانلار بۇ جەھەتتە قۇربان بەرگەنلىرىمىزگە، تۆلىگەن بەدەللىرىمىزگە ئەرزىمەيدۇ. بىزنىڭ ئاساسىي، مۇھىم مەسىلىلەرنى چەتكە قايرىپ قويۇپ، شاخچە مەسىلىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، ئىختىلاپ قىلىشىمىز بىزنى تۈگىمەس جېدەل ـ ماجرالارغا ئېلىپ باردى.

دەۋەتچىلەرنىڭ پەتىۋاغا ئارىلىشىپ قىلىشى دىندىكى ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. «نَحْنُ دُعَاةٌ لاَ قُضَـاةٌ» «بىز دەۋەتچى، قازى ئەمەس». بىز پەتىۋا بېرىش، ھۆكۈم چىقىرىش ئىشلىرىنى شۇ ئىلىمنىڭ ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ، ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى ياخشى ئادا قىلىشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئاللاھ تائالانىڭ ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەلىماتلىرىغا پۈتكۈل ۋۇجۇدىمىز بىلەن ئەمەل قىلىپ، ئۇنى ھەقىقىي ئادا قىلالىساقلا، ئاندىن پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىناق ـ ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇپ چىقىپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا خاتىرجەم تۇرمۇش مۇھىتى يارىتىپ، دىنىمىزنى، مىللىتىمىزنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ نىشانىمىزغا يېتەلەيمىز ۋە ئۇنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

ھۆرمەتلىك جامائەت!

ئاللاھ تابارەكە ۋە تائالا مۇسۇلمانلارنى ئىمان نېمىتى بىلەن ھۆرمەتلەپ، كاتتا شەرەپكە ئىگە قىلدى، ئىسلام ئارقىلىق تۈرلۈك مىللەت، تۈرلۈك قەبىلىلەر «تەۋھىد» ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ بىر ئۈممەتكە ئايلاندى، تەۋھىد بۇ ئۈممەت ئۈچۈن، بىرلىكنىڭ ئاساسى، ئىززەت ۋە ھۆرمەتنىڭ مەنبەسى بوپقالدى. شۇڭا ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار بۇ ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۇنى قەدىرلىگەچكە، ئەڭ ياخشى بىر ئۈممەتكە ئايلىنىپ ئاللاھنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەنىدى.

﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُوْنَ بِالْمَعْرُوْفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُوْنَ بِاللّٰهِ﴾

**تەرجىمىسى: ﴿ (ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر﴾ (سۈرە ئال ئىمران 110 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا ئىمان نېمىتىنى بىزگە ئەسلىتىش بىلەن بىرگە مانا بۇ نېمەتنىڭ مېۋىسى بولغان بىرلىك ۋە ئۇستۇنلۇكنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويىدىغان ئىشلارغا يېقىن كەلمەسلىككە چاقىرغان.

قَالَ اللهُ تَعَالَى: ﴿وَاعْتَصِمُوْا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيْعًا وَلَا تَفَرَّقُوْا وَاذْكُرُوْا نِعْمَتَ اللهِ عَلَيْكُمْ إِذْ كُنْتُمْ أَعْدَاءً فَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوْبِكُمْ فَأَصْبَحْتُم بِنِعْمَتِهِ إِخْوَانًا وَكُنتُمْ عَلَىٰ شَفَا حُفْرَةٍ مِّنَ النَّارِ فَأَنقَذَكُم مِّنْهَا كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ اللهُ لَكُمْ آيَاتِهِ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُوْنَ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار، بۆلۈنمەڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر چوڭقۇر دوزاخنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە مانا شۇنداق بايان قىلىدۇ﴾ (سۈرە ئال ئىمران 103 ـ ئايەت).

ئۇنداقتا بىز ئىمان ۋە بىرلىكتىن ئىبارەت ئۇلۇغ نېمەتنى قەدىرلەپ، ئۇنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

ھەممىگە مەلۇم، ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىك پەرز، ئەمما بىزدە مانا بۇ پەرزنى قايرىپ قويۇپ، مۇستەھەب ئورنىدىكى ئىشلارنى تالىشىپ، پىتنە قوزغاپ، ئارىدا بۆلۈنۈش، ئىناقسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەھۋاللار بار. ھەقىقەت شۇكى، بىز پەقەت مەسىلىلەرگە ئىلمىي قاراپ ئۆزئارا ئىنساب بىلەن مۇئامىلە قىلىشىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بىرىنچى نىشان قىلغان چېغىمىزدىلا ئاندىن ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىپ ئۆزىمىزنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى نامايان قىلالايمىز. بولمىسا بىز ئاجىز ۋە خار ھالغا چۈشۈپ قالىمىز.

قَالَ اللهُ تَعَالَى: ﴿وَأَطِيعُوْا اللهَ وَرَسُولَهُ وَلَا تَنَازَعُوا فَتَفْشَلُوْا وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْ﴾

﴿ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، ئاجىزلىشىپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ.﴾ (سۈرە ئەنفال 46 ـ ئايەت)

وَآخِرُ دَعْوَانَا أَنِ الْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعٰلَمِينَ

سُبْحَانَ رَبِّكَ رَبِّ الْعِزَّةِ عَمَّا يَصِفُونَ وَسَلَامٌ عَلَى الْمُرْسَلِينَ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعٰلَمِيْنَ

5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى (جۈمە)

# جىن ۋە جىنكەشلىك توغرىسىدا

أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ   بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ ذِيْ الْفَضْلِ وَالْجُوْدِ وَالْمِنَّةِ، اَلْمُتَوَحِّدِ بِخَلْقِ الْإِنْسِ وَالْجِنِّ، اَلَّذِيْ أَمَرَ بِطَاعَتِهِ وَوَعَدَ مَنْ أَطَاعَهُ الْكَرَامَةَ فِيْ الْجَنَّةِ، وَتَوَعَّدَ مَنْ عَصَاهُ بِالنَّارِ إِذْ تَوَلَّى عَنِ الدِّيْنِ وَخَالَفَ السُّنَّةَ. وَأَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيْكَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُوْلُهُ، صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَعَلَى آلِهِ وَصَحْبِهِ وَمَنْ سَارَ عَلَى نَهْجِهِ إِلَى يَوْمِ الدِّيْنِ. أَمَّا بَعْدُ:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك جامائەتلەر! ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە جىنلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: أَسْتَعِيْذُ بِاللهِ: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُوْنِ﴾

تەرجىمىسى: ﴿مەن جىنلار، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا قۇللۇق قىلسۇن دەپلا ياراتتىم﴾ (سۈرە زارىيات 56 ـ ئايەت)

﴿وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَائِكَةِ اسْجُدُوْا لِآدَمَ فَسَجَدُوا إِلَّا إِبْلِيْسَ كَانَ مِنَ الْجِنِّ فَفَسَقَ عَنْ أَمْرِ رَبِّهِ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتەلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىدىن چىقتى﴾ (سۈرە كەھف 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

يۇقىرىقى ئايەتتە ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى دەپ بايان قىلىندى. «قۇرئان كەرىم» جىن توغرۇلۇق نۇرغۇن ئايەتلەر بار، ھەتتا «جىن سۈرىسى» دەپ بىر سۈرە بار، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە جىن توغرىسىدا نۇرغۇن ھەدىسلەرمۇ بار. ئۇنداقتا جىنلار قانداق مەخلۇق؟ قاچان يارىتىلغان؟

بىز مۇشۇ سوئالىمىز ئاساسىدا تۆۋەندە جىنلار توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىمىز. جىن بولسا ئىنسانلاردىن ئىلگىرى تۈتۈنسىز ئوت يالقۇنىدىن يارىتىلغان مەخلۇق.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا سۈرە ھىجرىنىڭ 26 ـ، 27 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَقَدْ خَلَقْنَا الإِنْسَانَ مِن صَلْصَالٍ مِّنْ حَمَإٍ مَّسْنُوْنٍ، وَالْجَآنَّ خَلَقْنَاهُ مِن قَبْلُ مِن نَّارِ السَّمُومِ﴾

تەرجىمىسى ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئىنسان (ئادەم) نى تارىڭشىغۇدەك قۇرۇغان قارا لايدىن ياراتتۇق، جىنلارنى ئىلگىرى تۈتۈنسىز ئوت يالقۇنىدىن ياراتقان ئىدۇق﴾

جىن نېمە ئۈچۈن جىن دەپ ئاتالغان؟

جىن دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا يوشۇرۇن دېمەكتۇر. جىنلار ئىنسانلارغا كۆرۈنمەيدىغان يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىدىغان مەخلۇق بولغاچقا جىن دەپ ئاتالغان.

ئەرەبلەر جەڭچىلەرنىڭ بېشىغا كىيگەن دۇبۇلغا قالقاننى، ئۇ قالقان باشنى دۈشمەندىن يوشۇرغانلىقتىن «جُنَّةٌ» دەپ ئاتايدۇ. ئەرەبلەر يەنە ھامىلىدار ئايالنىڭ قورسىقىدىكى بالا كىشىلەرگە يوشۇرۇن بولغاچقا «جَنِيْنٌ» دەپ ئاتايدۇ.

جىنلارنىڭ يوشۇرۇن بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئاللاھ تائالا سۈرە ئەئرافنىڭ 27 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُ يَرَاكُمْ هُوَ وَقَبِيْلُهُ مِنْ حَيْثُ لاَ تَرَوْنَهُمْ﴾

تەرجىمىسى: ﴿شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر﴾

جىنلارنىڭ تۈرلىرى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبىرانى، ھاكىم، بەيھەقىلەر توپلىغان ھەدىسلىرىدە تىلغا ئېلىنغانىدەك ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

[عَنْ أَبِي ثَعْلَبَةَ الْخُشَنِيِّ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ «أَلْجِنُّ ثَلاثَةُ أَصْنَافٍ: صِنْفُ لَهُمْ أَجْنِحَةٌ يَطِيْرُونَ فِي الْهَوَاءِ، وَصِنْفٌ حَيَّاتٌ وَكِلابٌ، وَصِنْفٌ يَحِلُّونَ وَيَظْعَنُونَ]

ئەبى سەئلەبە خۇشەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جىن ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچى تۈرلۈكى ـ قاناتلىق بولۇپ ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرىدۇ؛ ئىككىنچى تۈرلۈكى ـ يىلان ۋە ئىتلارنىڭ سۈرىتىدە بولىدۇ؛ ئۈچىنچى تۈرلۈكى ـ يۆتكىلىپ تۇرىدۇ ۋە مۇقىم ماكان تۇتىدۇ».

تۆۋەندىكى ئايەت ۋە ھەدىس ئارقىلىق جىنلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايمىز.

قوله تعالى: ﴿وَإِذْ صَرَفْنَا إِلَيْكَ نَفَرًا مِّنَ الْجِنِّ يَسْتَمِعُوْنَ الْقُرْآنَ فَلَمَّا حَضَرُوْهُ قَالُوْا أَنْصِتُوْا فَلَمَّا قُضِيَ وَلَّوْا إِلَى قَوْمِهِمْ مُّنذِرِيْنَ﴾

تەرجىمىسى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم جىنلارنى سېنىڭ يېنىڭغا «قۇرئان» تىڭشاشقا ئەۋەتكەن ئىدۇق، ئۇلار «قۇرئان» تىلاۋىتىگە ھازىر بولغاندا (بىر ـ بىرگە): «جىم تۇرۇڭلار» دېيىشىپ، «قۇرئان» تىلاۋەت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۆز قەۋمىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ قايتىشقان ئىدى﴾ (سۈرە ئەھقاف 29 ـ ئايەت)

«قۇرئان كەرىم» نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قۇرئان ئاڭلاش ئۈچۈن بارغان بىر توپ جىنلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى تىلغا ئېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ دېگەن ۋە قىلغان ئىشلىرىنى بايان قىلىشى بۇنىڭ ئۆزى جىنلارنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى تەستىقلاشقا يېتەرلىكتۇر. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ئۆز ئىسنادى بىلەن ئەلقەمەدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىس بۇ نۇقتىنى روشەن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ :

[عَنْ عَلْقَمَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قُلْتُ لِابْنِ مَسْعُوْدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: هَلْ صَحِبَ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَيْلَةَ الْجِنِّ مِنْكُمْ أَحَدٌ؟ قَالَ: مَا صَحِبَهُ مِنَّا أَحَدٌ وَلَكِنْ قَدْ افْتَقَدْنَاهُ ذَاتَ لَيْلَةٍ وَهُوَ بِمَكَّةَ فَقُلْنَا: اغْتِيْلَ أَوِ اسْتُطِيرَ مَا فُعِلَ بِهِ فَبِتْنَا بِشَرِّ لَيْلَةٍ بَاتَ بِهَا قَوْمٌ حَتَّى إِذَا أَصْبَحْنَا أَوْ كَانَ فِي وَجْهِ الصُّبْحِ إِذَا نَحْنُ بِهِ يَجِيءُ مِنْ قِبَلِ حِرَاءَ قَالَ فَذَكَرُوْا لَهُ الَّذِي كَانُوا فِيهِ فَقَالَ: أَتَانِي دَاعِي الْجِنِّ فَأَتَيْتُهُمْ فَقَرَأْتُ عَلَيْهِمْ فَانْطَلَقَ فَأَرَانَا آثَارَهُمْ وَآثَارَ نِيرَانِهِمْ قَالَ الشَّعْبِيُّ: وَسَأَلُوهُ الزَّادَ وَكَانُوا مِنْ جِنِّ الْجَزِيرَةِ فَقَالَ كُلُّ عَظْمٍ يُذْكَرُ اسْمُ اللهِ عَلَيْهِ يَقَعُ فِي أَيْدِيكُمْ أَوْفَرَ مَا كَانَ لَحْمًا وَكُلُّ بَعْرَةٍ أَوْ رَوْثَةٍ عَلَفٌ لِدَوَابِّكُمْ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَلَا تَسْتَنْجُوْا بِهِمَا فَإِنَّهُمَا زَادُ إِخْوَانِكُم الْجِنِّ] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ).

«ئەلقەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مەن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: جىنىنىڭ ۋەقەلىكى بولغان كېچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سىلەردىن بىرەرسى ھەمراھ بولغانمۇ؟ دېدىم. ئىبنى مەسئۇد دېدىكى: ئۇ كېچىسى بىزدىن ھېچكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولمىغان، لېكىن بىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇ كېچىدە بىللە ئىدۇق. بىز ئۇنى يوقىتىپ قويدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز ۋادى ۋە جىلغىلارنى ئىزدىدۇق. ئۇنى تاپالمىغاندىن كېيىن: «ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچراپتۇ ياكى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ» دەپ ئويلىدۇق. بىز كىشىلەر ئۆتكۈزگەن ئەڭ قورقۇنۇچلۇق كېچىنى ئۆتكۈزدۇق. ئەتىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىرا تەرەپتىن كەلدى. بىز «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى: بىز سىلىنى يوقۇتۇپ قويدۇق، ئىزدىدۇق لېكىن تاپالمىدۇق» دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ قېشىمغا جىنلار تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن چاقىرغۇچى كەلدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە باردىم. ئۇلارغا قۇرئان ئوقۇپ بەردىم» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز بىلەن بىرگە ماڭدى ۋە بىزگە جىنلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئوتلىرىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرسىتىپ قويدى. شەئبى مۇنداق دېدى: جىنلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قانداق يېمەكلىكلەرنى يېيىش توغرىسىدا سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ھەر قانداق سۆڭەك سىلەرنىڭ يېمەكلىكىڭلار، ئۇ سۆڭەك سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا تولۇق گۆش بولۇپ چۈشىدۇ. ھايۋانلارنىڭ تېزەك ۋە ماياقلىرى سىلەرنىڭ ئۇلاغلىرىڭلارنىڭ يېمەكلىكى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز ئىنسانلارغا ۋەسىيەت قىلىپ دېدىكى: «ھەرقانداق سۆڭەك ۋە تېزەك ياكى ماياق بىلەن ئىستىنجا قىلماڭلار (ئەۋرىتىڭلارنى سۈرتمەڭلار)، چۈنكى بۇ ئىككىسى قېرىندىشىڭلار بولغان جىنلارنىڭ يېمەكلىكى» دېدى» (مۇسلىم توپلىغان)

جىنلارمۇ ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :

﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُوْنِ﴾

تەرجىمىسى: ﴿جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى ماڭا ئىبادەت قىلىشلىرى ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾ (سۈرە زارىيات 56 ـ ئايەت)

ئەمدى بىز تۆۋەندىكى ھەدىسلەرگە قاراپ باقايلى!

1. [عَنْ أَبِي السَّائِبِ مَوْلَى هِشَامِ بْنِ زُهْرَةَ أَنَّهُ دَخَلَ عَلَى أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ فِي بَيْتِهِ؛ قَالَ : فَوَجَدْتُهُ يُصَلِّي، فَجَلَسْتُ أَنْتَظِرُهُ حَتَّى تُقْضَى صَلَاتُهُ، فَسَمِعْتُ تَحْرِيكًا فِي عَرَاجِينَ مِنْ نَاحِيَةِ الْبَيْتِ، فَالْتَفَتُّ فَإِذَا حَيَّةٌ، فَوَثَبْتُ لِأَقْتُلَهَا، فَأَشَارَ إِلَيَّ أَنْ أَجْلِسَ، فَجَلَسْتُ، فَلَمَّا انْصَرَفَ أَشَارَ إِلَى بَيْتٍ فِي الدَّارِ ، فَقَالَ : أَ تَرَى هَذَا الْبَيْتَ ؟ فَقَالَ: نَعَمْ . فَقَالَ : كَانَ فِيهِ فَتًى مِنَّا حَدِيثُ عَهْدٍ بِعُرْسٍ .قَالَ : فَخَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِلَى الْخَنْدَقِ ، فَكَانَ ذَلِكَ الْفَتَى يَسْتَأْذِنُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِأَنْصَافِ النَّهَارِ، فَيَرْجِعُ إِلَى أَهْلِهِ، فَاسْتَأْذَنَهُ يَوْمًا، فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : خُذْ عَلَيْكَ سِلَاحَكَ؛ فَإِنِّي أَخْشَى عَلَيْكَ قُرَيْظَةَ. فَأَخَذَ الرَّجُلُ سِلَاحَهُ ، ثُمَّ رَجَعَ ، فَإِذَا امْرَأَتُهُ بَيْنَ الْبَابَيْنِ قَائِمَةً ، فَأَهْوَى إِلَيْهَا بِالرُّمْحِ لِيَطْعَنَهَا بِهِ، وَأَصَابَتْهُ غَيْرَةٌ، فَقَالَتْ لَهُ : كُفَّ عَلَيْكَ رُمْحَكَ، وَادْخُلِ الْبَيْتَ حَتَّى تَنْظُرَ مَا الَّذِي أَخْرَجَنِيْ ، فَدَخَلَ، فَإِذَا حَيَّةٌ عَظِيمَةٌ مُنْطَوِيَةٌ عَلَى الْفِرَاشِ ، فَأَهْوَىْ إِلَيْهَا بِالرُّمْحِ ، فَانْتَظَمَهَا ، ثُمَّ خَرَجَ بِهِ فَرَكَزَهُ فِي الدَّارِ ، فَاضْطَرَبَتْ عَلَيْهِ فَمَا نَدْرِي أَيُّهُمَا كَانَ أَسْرَعَ مَوْتًا : الْحَيَّةُ أَمْ أَلْفَتَى .قَالَ : فَجِئْنَا إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَذَكَرْنَا لَهُ ذَلِكَ، قُلْنَا: أُدْعُ اللهَ يُحْيِيهِ لَنَا. فَقَالَ: اسْتَغْفِرُوا لِصَاحِبِكُمْ. ثُمَّ قَالَ : إِنَّ بِالْمَدِينَةِ جِنًّا قَدْ أَسْلَمُوا، فَإِذَا رَأَيْتُمْ مِنْهُمْ شَيْئًا فَآذِنُوهُ ثَلَاثًا، فَإِنْ بَدَا لَكُمْ بَعْدَ ذَلِكَ فَاقْتُلُوهُ، فَإِنَّمَا هُوَ شَيْطَانٌ ] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

«ئەبۇ سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (بۇ كىشى ھىشام ئىبنى زۆھرەنىڭ ئازاد قىلىۋەتكەن قۇلىدۇر) مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ سەئىدى خۇدرىنىڭ يېنىغا، يەنى ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ئىدىم، كىرسەم ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن، نامىزىنى ئوقۇپ بولسۇن دەپ ساقلاپ ئولتۇردۇم، ئۇنى ساقلاۋېتىپ قۇلىقىمغا ئۆينىڭ بىر تەرىپىدىكى خورما شاخلىرىنىڭ ئارىسىدىن بىر ھەرىكەتنىڭ ئاۋازى كەلدى، قارىسام بىر يىلان ئىكەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەي دەپ ئورنۇمدىن چاچراپ قوپتۇم، ئەبۇ سەئىدى خۇدرى ماڭا «ئولتۇر» دېگەن مەنادا ئىشارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئولتۇردۇم، ئەبۇ سەئىدىل خۇدرى نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ماڭا قورۇدىكى بىر ئۆينى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ‹شۇ ئۆينى كۆرۈۋاتامسەن؟› دېدى، مەن‹ھەئە› دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇنداق دېدى: ‹ئۇ ئۆيدە ئىچىمىزدىن يېڭى توي قىلغان بىر يىگىت ئولتۇراتتى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن خەندەك ئۇرۇشىغا چىقتۇق، ئۇ يىگىت چۈش ۋاقتلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراپ ئۆيىگە بېرىپ كېلەتتى.

ئۇ يىگىت بىر كۈنى مۈشۈ ئادىتى بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆيىگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى ۋە: «قۇراللىنى ئېلىۋالغىن، ساڭا قۇرەيزە خەلقىنىڭ بىر يامانلىق قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن يىگىت قۇرالنى ئېلىپ ئۆيىگە كەتتى. يىگىت ئۆيىگە بېرىپ، ئايالنى ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئۇچراتتى، كۆنلەمچىلىكى تۇتۇۋېلىپ ئايالنى نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئايالى: «توختا! ئۆيگە كىر ۋە مېنى ئۆيدىن چىقارغان نەرسىنى كۆر» دېدى. شۇنىڭ بىلەن يىگىت ئۆيگە كىرىپ قارىسا، كۆرپىنىڭ ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ياتقان چوڭ بىر يىلاننى كۆردى ـ دە، نەيزىسىنى سانجىدى ۋە يىلانغا سانجىلغەن نەيزىسىنى ئېلىپ چىقىپ ھويلىغا چوقۇپ قويدى. بۇ ئەسنادا يىلان ئۇ يىگىتكە ھۇجۇم قىلدى. ئىككىسىنىڭ قايسىسى بۇرۇن ئۆلگەنلىكى بىلىنمەيدۇ؛ يىلانمۇ؟ ياكى يىگىتمۇ؟ ئەبۇ سەئىدىل خۇدرى بۇ ۋەقەنى ئاڭلىتىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: شۇنىڭ بىلەن بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدۇق ۋە: «يا رەسۇلۇللاھ! ئاللاھقا دۇئا قىلغىن! ئاللاھ ئۇ يىگىتنى بىزگە تىرىلدۈرۈپ بەرسۇن» دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «قېرىندىشىڭلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەڭلار. مەدىنىدە مۇسۇلمان بولغان جىنلار بار. ئۇلاردىن ئەنە شۇنداق بىر نەرسە كۆرسەڭلار، ئۇنىڭغا ئۈچ كۈن: ‹جىن بولساڭ، بۇ يەردىن كەتكىن› دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن كەتمىسە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ئۈچ كۈنلۈك ئۇقتۇرۇشتىن كېيىن كەتمىگىنى شەيتاندۇر» (مۇسلىم توپلىغان)

2. [عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ قَالَ: «إِنَّ عِفْرِيتًا تَفَلَّتَ عَلَيَّ الْبَارِحَةَ لِيَقْطَعَ عَلَيَّ صَلَاتِي، فَأَمْكَنَنِيَ اللهُ مِنْهُ، وَأَرَدْتُ أَنْ أَرْبِطَهُ إِلَى جَنْبِ سَارِيَةٍ مِنْ سِوَارِي الْمَسْجِدِ، ثُمَّ ذَكَرْتُ قَوْلَ أَخِيْ سُلَيْمَانَ: « رَبِّ اغْفِرْ لِي وَهَبْ لِيْ مُلْكًا لَا يَنْبَغِيْ لِأَحَدٍ مِنْ بَعْدِي» فَأَرْسَلْته»] (رَوَاهُ البُخَارِي)

«ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كېچىدە بىر يامان جىن ئوغرىلىقچە يېنىمغا كېلىپ نامىزىمنى بۇزۇشقا ئۇرۇندى. ئاندىن ئاللاھ تائالا ماڭا كۈچ ـ قۇۋۋەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەن تاڭ ئاتقاندا سىلەرنى كۆرسۇن دەپ ئۇ جىننى مەسچىتنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بىرىگە باغلاپ قويۇشنى ئىرادە قىلدىم، لېكىن ئېسىمگە قېرىندىشىم سۇلايماننىڭ :«پەرۋەردىگارىم! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە ماڭا مەندىن كېيىن ھېچكىمگە نېسىپ بولمايدىغان بىر پادىشاھلىق ئاتا قىلغىن» دېگەن سۆزى كېلىپ ئۇنى قويۇۋەتتىم» (بۇخارى توپلىغان)

3. [عَنِ ابْنِ مَسْعُودٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَا مِنْكُمْ مِنْ أَحَدٍ إِلاَّ

وَقَدْ وُكِّلَ بِهِ قَرِيْنٌ مِنَ الْجِنِّ ، قَالُوا : وَإِيَّاكَ يَا رَسُولَ اللهِ ؟ قَالَ : وَإِيَّايَ ، إِلاَّ أَنَّ اللهَ أَعَانَنِي عَلَيْهِ فَأَسْلَمَ ، فَلا يَأْمُرُنِي إِلاَّ بِخَيْرٍ] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

«ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەر بىرىڭلارنىڭ جىنلاردىن بىر ھەمراھى بولىدۇ» دېگەن ئىدى. ساھابىلەر: «ئۆزلىرىنىڭچۇ يا رەسۇلۇللاھ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭمۇ بار، لېكىن ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن مېنىڭكىسى مۇسۇلمان بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مېنى پەقەت ياخشىلىققىلا بۇيرۇيدۇ» دېدى» (مۇسلىم توپلىغان).

ئەمدى بىز جىنلارنىڭ زىيانكەشلىكى، جىنلاردىن ساقلىنىش ۋە جىنكەشلەر توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىمىز.

## جىنلار ئىنسانلارغا زىيانكەشلىك قىلامدۇ؟

جىننىڭ ئىنسانغا زىيانكەشلىك قىلىشى ئېنىق، بۇنىڭغا كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرەنىڭ 275 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

قوله تعالى: ﴿الَّذِينَ يَأْكُلُونَ الرِّبَا لاَ يَقُوْمُوْنَ إِلاَّ كَمَا يَقُومُ الَّذِيْ يَتَخَبَّطُهُ الشَّيْطَانُ مِنَ الْمَسِّ﴾

تەرجىمىسى : ﴿جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ﴾

مانا بۇ ئايەت ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ناس سۈرىسىگە ئوخشاش جىن ـ شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىپ ئاللاھتىن پاناھ تىلەشكە چاقىرىدىغان نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر جىن ـ شەيتانلارنىڭ كۆڭۈللەرگە ۋەسۋەسە سېلىش ياكى چېپىلىش بىلەن ئىنسانغا زىيانكەشلىك قىلىدىغانلىقىنىڭ ئېنىق دەلىلى بولالايدۇ.

يەنە تۆۋەندىكى ھەدىسلەرمۇ بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

1. [عَنْ أَبِي الْيُسَرِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُوْلَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يَدْعُوْ اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ أَنْ يَتَخَبَّطَنِيَ الشَّيْطَانُ عِنْدَ الْمَوْتِ] (رَوَاهُ أَبُو دَاوُدَ)

«ئەبى يۇسرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھ! ئۆلۈش ئالدىدا شەيتان سوقۇۋېتىشىدىن سەندىن پاناھلىق تىلەيمەن» دەپ دۇئا قىلغان. (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان)

2. [عَنْ عَطَاءِ بْنِ أَبِي رَبَاحٍ، قَالَ: قَالَ لِيْ ابْنُ عَبَّاسٍ: أَلاَ أُرِيكَ امْرَأَةً مِنْ أَهْلِ الْجَنَّةِ؟ قُلْتُ: بَلَى. قَالَ: هذِهِ الْمَرْأَةُ السَّوْدَاءُ، أَتَتِ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، فَقَالَتْ: إِنِّي أُصْرَعُ، وَإِنِّي أَتَكَشَّفُ، فَادْعُ اللهَ لِي. قَالَ : «إِنْ شِئْتِ، صَبَرْتِ؛ وَلَكِ الْجَنَّةُ. وَإِنْ شِئْتِ، دَعَوْتُ اللهَ أَنْ يُعَافِيَكِ» فَقَالَتْ: أَصْبِرُ. فَقَالَتْ: إِنِّي أَتَكَشَّفُ: فَادْعُ اللهَ أَنْ لاَ أَتَكَشَّفَ. فَدَعَا لَهَا] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ).

«ئەتائ ئىبنى ئەبى رەباھ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېدى: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما ماڭا: «جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر ئايالنى ساڭا كۆرستىپ قويمايمۇ؟» دېۋىدى، مەن: «ھەئە كۆرستىپ قويسىلا» دېسەم: «بۇ قارا ئايال پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: «مېنى تۇتقاقلىق تۇتۇپ قالىدۇ، مەن ئېچىلىپ قالىمەن. شۇڭا مەن ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلغايلا» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «خالىسىڭىز سەۋر قىلىڭ، سىزگە جەننەت مۇكاپات بولسۇن، خالىسىڭىز ئاللاھ سىزنى ساقايتىپ قويۇشقا دۇئا قىلاي» دېدى،ئۇ ئايال: «مەن ئېچىلىپ قالىمەن. شۇڭا، ئېچىلىپ قالماسلىقىمغا ئاللاھقا دۇئا قىلغايلا» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى. (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)

ھافىز ئىبنى ھەجەر ھەدىسنىڭ باشقا رىۋايەتلىرىنى تەكشۈرۈپ بۇ ئايالدىكى ئەھۋالنىڭ ئادەتتىكى كېسەللىكتىن ئەمەس، جىننىڭ سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

3.[عَن جَابِرِ بْنِ عَبْدِاللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِذَا كَانَ جُنْحُ اللَّيْلِ، أَوْ أَمْسَيْتُمْ، فَكُفُّوا صِبْيَانَكُمْ، فَإِنَّ الشَّيَاطِينَ تَنْتَشِرُ حِينَئِذٍ] (رَوَاهُ الْبُخَارِي)

«جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: قاچانكى كەچ كىرسە ياكى كەچ كىرسە، بالىلىرىڭلارنى ئۆيگە ئەكىرىۋېلىڭلار، ھەقىقەتەن شەيتانلار بۇ ۋاقىتتا ھەر ـ تەرەپكە تارايدۇ (بۇخارى توپلىغان).

ئىمام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «جىننىڭ ئىنساننىڭ بەدىنىگە كىرىۋېلىشى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئىماملىرىنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن سابىتتۇر» (مەجمۇئۇل فەتاۋا)

## جىن، شەيتانلاردىن تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بىلەن ساقلىنالايمىز

1. ﴿أَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ﴾ دېگەن دۇئانى كۆپ ئوقۇش ئارقىلىق جىن ـ شەيتانلاردىن ساقلىنالايمىز.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِمَّا يَنْزَغَنَّكَ مِنَ الشَّيْطَانِ نَزْغٌ فَاسْتَعِذْ بِاللهِ إِنَّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ﴾

تەرجىمىسى ﴿ئەگەر شەيتان سېنى ۋەسۋەسىگە سالسا، ئاللاھقا سېغىنىپ (شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن) پاناھ تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇ﴾ (سۈرە فۇسسىلەت 36 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى : [إِنِّي لأَعْلَمُ كلِمَةً لَوْ قَالَهَا لَذَهَبَ عَنْهُ مَا بِهِ ؛ أَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ ]

«مەن بىر سۆزنى بىلىمەنكى، ئەگەر شۇ سۆزنى ھەركىم ئېيتسا شەيتاننىڭ زىيانكەشلىكى

يوقىلىدۇ. ئۇ بولسا أَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ» (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

2. معوذتين يەنى «فەلەق سۈرىسى» بىلەن «ناس سۈرىسى» نى ئوقۇش ئارقىلىق جىن ـ شەيتانلاردىن ساقلىنالايمىز.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ :

[أَنَّ اِبْنَ عَابِسٍ الْجُهَنِيِّ قَالَ: قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلىَّ اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : يَا ابْنَ عَابِسٍ أَلاَ أُخْبِرُكَ بِأَفْضَلِ مَا تَعَوَّذَ بِهِ الْمُتَعَوِّذُوْنَ؟ قُلْتُ : بَلَى يَا رَسُوْلَ اللهِ قَالَ : «قُلْ أَعُوْذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ»، وَ «قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ»]. (رَوَاهُ أَبُو دَاوُدَ)

«ئىبنى ئابىس جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە بۇ زات مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا «ئى ئىبنى ئابىس! پاناھ تىلىگۈچىلەر پاناھ تىلەيدىغان دۇئانىڭ ئەۋزىلىدىن ساڭا خەۋەر قىلايمۇ؟» دېدى. ئىبنى ئابىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «خەۋەر بەرسىلە ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ دۇئا بولسا «فەلەق بىلەن ناس سۈرىسى» دېدى» (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان)

3. ئايەتۇلكۇرسىنى ئوقۇش ئارقىلىق جىن ـ شەيتانلاردىن ساقلىنالايمىز. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسى بار، ئۇرۇن ئېتىبارى بىلەن تەرجىمىسىلا بېرىلدى:

«ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ ماڭا رامزان ئۈچۈن ئادا قىلىنىدىغان سەدىقە پىترىنى ساقلاشقا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىراۋ كېلىپ، يېمەكلىكتىن ئۇچۇمداپ ئالغىلى تۇردى. مەن ئۇنى تۇتىۋېلىپ «سېنى چوقۇم رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىمەن» دېدىم. ئۇ: «مەن بالا ـ چاقىلىق ھاجەتمەن ئادەم ئىدىم، مەن يېمەكلىككە بەك موھتاج » دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم. تاڭ ئاتقاندا رەسۇلۇللاھ ماڭا «يا أَبا هُريرة، ما فَعلَ أَسِيرُكَ الْبارِحةَ؟» «ئى ئەبۇ ھۇرەيرە، تۈنۈگۈن سەن تۇتۇۋالغان كىشى نېمە قىلدى؟»، دېدى.مەن «ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇ ئۆزىنىڭ بالا ـ چاقىلىق ھاجەتمەن ئىكەنلىكىدىن داتلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قويۇپ بەردىم»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «أَما إِنَّهُ قَدْ كَذَبكَ وسيعُودُ» «بىلىپ قويغىنكى، ئۇ يالغان سۆزلەپتۇ، ئۇ يەنە كېلىدۇ»، دېدى. مەن رەسۇلۇللاھنىڭ گېپى بويىچە ئۇنىڭ يەنە كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ، كۆزىتىپ تۇردۇم. ئۇ قايتا كېلىپ يېمەكلىكتىن ئوچۇملاپ ئالغىلى تۇردى. مەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ : «سېنى چوقۇم رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىمەن»، دېدىم. ئۇ ماڭا: «مېنى قويۇۋەتكىن، مەن موھتاج ۋە بالا ـ چاقىلىق ئادەممەن، مەن قايتا كەلمەيمەن»، دېدى. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قويۇۋەتتىم. شۇنىڭ بىلەن تاڭ ئاتقاندا رەسۇلۇللاھ ماڭا: «يَا أَبا هُرَيْرَةَ، ما فَعل أَسِيرُكَ الْبارِحةَ؟» «ئى ئەبۇ ھۇرەيرە، سېنىڭ

تۈنۈگۈن تۇتۇۋالغان ئەسرىڭ نېمە قىلدى؟»، دېدى. «ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاجەتمەن ۋە بالا ــ چاقىلىق ئىكەنلىكىدىن داتلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قويۇپ بەردىم»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «إِنَّهُ قَدْ كَذَبَكَ وسيَعُودُ» «بىلىپ قويغىنكى، ئۇ يالغان سۆزلەپتۇ، ئۇ يەنە كېلىدۇ»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ئۈچىنچى نۆۋەت كۆزەتتىم . ئۇ كېلىپ يېمەكلىكنى ئالغىلى تۇردى. مەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ «سېنى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىمەن، بۇ ئۈچىنچى قېتىم بولدى. سەن ماڭا قايتا كەلمەيمەن دەپ يەنە قايتا كەلدىڭ»، دېدىم. ئۇ ماڭا «مېنى قويۇۋەتكىن مەن ساڭا بىر نەچچە كەلىمىلەرنى ئۆگىتىپ قويايكى، ئاللاھ تائالا ئۇلار بىلەن ساڭا نەپ يەتكۈزگەي»، دېدى. مەن: «ئۇ قايسى سۆزلەر؟» دېدىم .ئۇ: «سەن ئۇخلاش ئۈچۈن ئورنۇڭغا بارغىنىڭدا ئايەتۇلكۇرسى (اللّهُ لاَ إِلَـهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ) (سۈرە بەقەر 255 ـ ئايەت) نى باشتىن ـ ئاخىر ئوقۇغىن، شۇنداق قىلساڭ، ھامان ئاللاھ ساڭا بىر قوغدىغۇچى پەرىشتىنى مۇئەككەل قىلىدۇ، تاكى تاڭ ئاتقۇچىلىك شەيتان ساڭا يېقىن كېلەلمەيدۇ»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم. تاڭ ئاتقاندا رەسۇلۇللاھ ماڭا: «ما فَعلَ أَسِيرُكَ الْبارِحةَ؟» «تۈنۈگۈنكى ئەسرىڭ نېمە قىلدى؟» دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇ ئوقۇسام ماڭا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان بىر نەچچە پايدىلىق كەلىمىنى ئۆگىتىپ قويىدى. شۇڭا، مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «مَا هِيَ؟» «ئۇ قايسى سۆزلەر؟»، دېدى. مەن: «سەن ئۇخلاش ئۈچۈن ئورنۇڭغا بارغىنىڭدا ئايەتۇلكۇرسىنى باشتىن ـ ئاخىر ئوقۇغىن، شۇنداق قىلساڭ، ھامان ئاللاھ ساڭا بىر قوغدىغۇچى پەرىشتىنى مۇئەككەل قىلىدۇ، تاكى تاڭ ئاتقۇچىلىك شەيتان ساڭا يېقىن كېلەلمەيدۇ» دېدى، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «أَمَا إِنَّه قَدْ صَدَقَكَ وَهُو كَذُوبٌ، تَعْلَمُ مَنْ تُخَاطِبُ مُنْذُ ثَلاثٍ يَا أَبَا هُرَيْرَة؟» «ئۇ شۇنچە يالغانچى تۇرۇقلۇق، ساڭا راست ئېيتىپتۇ. ئى ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۈچ كۈندىن بۇيان كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟» دېدى. مەن: «ياق» دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «ذَاكَ شَيْطَانٌ» «ئۇ شەيتاندۇر»، دېدى» (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

4. سۈرە بەقەرەنى باشتىن ئاخىرغىچە تولۇق ئوقۇش ئارقىلىق جىن ـ شەيتانلاردىن ساقلىنالايمىز.

[عَن أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «لَا تَجْعَلُوا بُيُوتَكُمْ مَقَابِرَ إِنَّ الشّيْطَانَ يَنْفِرُ مِنَ الْبَيْتِ الّذِي تُقْرَأُ فِيْهِ سُورَةُ الْبَقَرَةِ»] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

«ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆيۈڭلارنى قەبرىستاندەك قىلىۋالماڭلار! سۈرە بەقەرە تىلاۋەت قىلىنغان ئۆيدىن شەيتان قاچىدۇ» (مۇسلىم توپلىغان)

5. كەلىمە تەۋھىدنى ھەر كۈنى 100 قېتىم ئوقۇش ئارقىلىق جىن ـ

شەيتانلاردىن ساقلىنالايمىز.

لاَ إِلَٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاشَرِيْكَ لَهُ، لَهُ المُلكُ وَلَهُ الحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَئْءٍ قَدِيرٍ.

تەرجىمىسى: «باش ئېگىپ ئىبادەت قىلىشقا ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقلىق كىشى يوق، الله تائالا تەڭداشسىز، يالغۇز، ئۇنىڭ شېرىكى يوق. بارلىق ئالەم ئۇنىڭ ئىلكىدە ھەمدۇ ـ سانا ئۇنىڭغا خاس ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر» دېگەن كەلىمە.

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللّٰهِ صَلىَّ اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: مَنْ قَالَ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، لَهُ المُلكُ، وَلَهُ الحَمْدُ، وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَئْءٍ قَدِيْرٌ. فِي يَوْمٍ مِائَةَ مَرَّةٍ، كَانَتْ لَهُ عَدْلَ عَشْرِ رِقَابٍ، وَكُتِبَتْ لَهُ مِائَةُ حَسَنَةٍ، وَمُحِيَتْ عَنْهُ مِائَةُ سَيِّئَةٍ، وَكَانَتْ لَهُ حِرْزًا مِنَ الشَّيْطَانِ يَوْمَهُ ذَلِكَ حَتَّى يُمْسِيَ، وَلَمْ يَأْتِ أَحَدٌ بِأَفْضَلَ مِمَّا جَاءَ بِهِ، إِلاَّ أَحَدٌ عَمِلَ أَكْثَرَ مِنْ ذَلِكَ] (رَوَاهُ البُخَارِي).

«ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەركىم «باش ئېگىپ ئىبادەت قىلىشقا ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقلىق زات يوق، ئاللاھ تائالا تەڭداشسىز، يالغۇز، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، بارلىق ئالەم ئۇنىڭ ئىلكىدە ھەمدۇ ـ سانا ئۇنىڭغا خاس، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر» دېگەن كەلىمىنى كۈنىگە 100 قېتىم ئوقۇسا، ئون قۇل ئازاد قىلغان بىلەن باراۋەر، ھەمدە ئۇ كىشىگە يۈز ياخشى ئىشنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ. يۈز كىچىك خاتالىقى ئۆچۈرۈلىدۇ ۋە ئۇ كىشىنى بۇ كەلىمە شۇ كۈن كەچكىچە شەيتاندىن قوغدىغۇچى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپراق ئوقۇغۇچىدىن باشقا كىشى بۇنىڭدىن ياخشىراق ئىشنى قىلالمايدۇ» دېدى. (بۇخارى توپلىغان)

6. ئاچچىقى كېلىپ قالغاندا تاھارەت ئېلىش ئارقىلىق جىن ـ شەيتانلاردىن ساقلىنالايمىز. ھەركىم ئاچچىقى كەلگەندە تاھارەت ئالسا، شەيتاننىڭ يامان ئىشلارغا ۋەسۋەسە قىلىشىدىن ياكى ياخشى ئەمەس سۆز ـ ھەرىكىتىدىن ئۆزىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتىيەتە سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ:

[عن عَطِيَّةَ السَّعْدِيِّ، عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: الْغَضَبُ مِنَ الشَّيْطَانِ، وَالشَّيْطَانُ خُلِقَ مِنَ النَّارِ، وَالنَّارُ تُطْفَأُ بِالْمَاءِ، فَإِذَا غَضِبَ أَحَدُكُمْ فَلْيَتَوَضَّأْ] (رَوَاهُ أَبُو دَاوُدَ)

«ئاچچىق كېلىش شەيتاندىن، شەيتان ئوتتىن يارىتىلغان، ئوت سۇ بىلەن ئۆچۈرۈلىدۇ. قايسى بىرىڭلارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالسا تاھارەت ئالسۇن» دېدى.

ئاخىردا بىز جىنكەشلىك (يەنى: داخانلىق، رامباللىق، سېھرىگەرلىك) توغرىسىدا: ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! «قۇرئان»، «ھەدىس» نى مەنبە قىلغان پەن ـ

تېخنىكا تەتقىقاتلىرى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە تېز تەرەققىي قىلىپ، ئېچىلمىغان سىر ۋە مۆجىزىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى.

ئەپسۇس، بەزى بىر قىسىم كىشىلەر ئاشكارا ھەقىقەتلەرگە كۆز يۇمۇپ، ئالىملارنى ۋە ئەقىللىقلەرنى باش ئەگدۇرۇۋاتقان ئاللاھنىڭ ھەقىقەت، مۆجىزىلىرىدىن تېنىپ، ئىنسانىيەتنى قايتىدىن خۇراپاتلىققا، چۈشكۈنلۈككە باشلايدىغان ئەپسانە، خىيالىي نەرسىلەرگە قىزىقىۋاتىدۇ ۋە شۇ بويىچە ئىش كۆرمەكتە.

تارىختىن ھازىرغىچە نۇرغۇن ئالىملارنىڭ زور كۈچ چىقىرىش نەتىجىسىدە خەلقىمىزدە يامراپ كەتكەن كونىلىق، خۇراپاتلىق ئىللەتلىرى ئەمدى تۈزۈلۈشكە، نادان خەلق ئىچىدە ئۆزلىشىپ كەتكەن داخانۋازلىق قىلمىشلىرى يوقۇلۇشقا باشلاۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، تۇيۇقسىز دىيارىمىز جەمئىيىتىدە ئاتالمىش پالچىلىق، سېھىرگەرلىك، رەمباللىق، داخانلىق، ئىسسىتقۇ ـ سوۋۇتقۇ دېگەندەك ئالدامچىلىقلار يەنە قايتىدىن باش كۆتۈرۈشكە باشلاپ مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بىرى كۆرۈنەرلىك ئەۋج ئالدى.

ھەيران قالارلىقى شۇكى خېلى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرمۇ بۇ ئالدامچىلىق، كۆز بويامچىلىق ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ دىنىنىڭ ۋە پەننىڭ خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسلىرى بىلەن قارشىلىشىۋاتىدۇ. جەمئىيەتتە بۇ ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئالغانسېرى ئەۋج ئالغان بىر ھالەت شەكىللىنىۋاتىدۇ.

جەمئىيەتتە بۇ ئىشلارنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئاق كۆڭۈل خەلقىمىزنى قايمۇقتۇرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئايەت، ھەدىسلەر ئارقىلىق يۇقاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن جىنكەشلىك، داخانلىق، رامباللىق، سېھىرگەرلىكلەرنىڭ قانداق چەكلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز:

﴿وَاتَّبَعُوْا مَا تَتْلُوا الشَّيَاطِيْنُ عَلَى مُلْكِ سُلَيْمَانَ وَمَا كَفَرَ سُلَيْمَانُ وَلَكِنَّ الشَّيَاطِيْنَ كَفَرُوْا يُعَلِّمُوْنَ النَّاسَ السِّحْرَ وَمَا أُنزِلَ عَلَى الْمَلَكَيْنِ بِبَابِلَ هَارُوتَ وَمَارُوتَ وَمَا يُعَلِّمَانِ مِنْ أَحَدٍ حَتَّى يَقُوْلاَ إِنَّمَا نَحْنُ فِتْنَةٌ فَلا تَكْفُرْ فَيَتَعَلَّمُونَ مِنْهُمَا مَا يُفَرِّقُونَ بِهِ بَيْنَ الْمَرْءِ وَزَوْجِهِ وَمَا هُمْ بِضَارِّينَ بِهِ مِنْ أَحَدٍ إِلَّا بِإِذْنِ اللهِ وَيَتَعَلَّمُونَ مَا يَضُرُّهُمْ وَلا يَنْفَعُهُمْ وَلَقَدْ عَلِمُوا لَمَنِ اشْتَرَاهُ مَا لَهُ فِي الآخِرَةِ مِنْ خَلاقٍ وَلَبِئْسَ مَا شَرَوْا بِهِ أَنفُسَهُمْ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُوْنَ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئۇلار شەيتانلارغا سۇلەيماننىڭ پادىشاھلىقى ھەققىدىكى (سۇلەيمان سېھىرگە تايىنىپ پادىشاھ بولغان دېگەن) سۆزىگە ئەگەشتى. سۇلەيمان كافىر بولۇپ كەتمىدى (يەنى سېھىرگەرلىك قىلمىدى، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىرنى، شۇنداقلا

بابىل (شەھىرى) دىكى ھارۇت، مارۇت دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە چۈشۈرۈلگەن سېھىرنى ئۆگىتىپ كافىر بولدى. (بۇ ئىككى پەرىشتە) «بىز پەقەت سىناق (ئۈچۈن ئەۋەتىلدۇق)، كافىر بولۇپ كەتمىگىن» دېمەي تۇرۇپ، ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى. ئۇلار (يەنى ئىنسانلار) بۇ ئىككىسىدىن ئەر ـ خوتۇننى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنەتتى. ئۇلار (سېھىر ئارقىلىق) ئاللاھنىڭ ئىرادىسىسىز ھېچ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى. يەھۇدىيلار (تەۋراتنى) سېھىرگە تېگىشكۈچىگە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ھېچ نېسىۋە يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇلار جانلىرىنىڭ بەدىلىگە تېگىشكەن سېھىرنىڭ ئەجەبمۇ يامان ئىكەنلىكىنى بىلسە ئىدى (ھەرگىزمۇ شۇنداق قىلمايتتى) ﴾ (سۈرە بەقەر 102 ـ ئايەت)

مانا بۇ ئايەت سېھىرگەرلىكنىڭ شەيتانلار تەرىپىدىن ئىنسانلارغا ئۆگىتىلىدىغانلىقىنى، سېھىر ئۆگەنگۈچىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سېھىرگەر ۋە كاھىنلار ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، پەقەتلا ئۇلار ئاشۇنداق پايدىسىز، زىيانلىق نەرسىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىگە ـ ئۆزى زىيانكەشلىك قىلىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

[فَقَدْ وَرَدَ عَنْ أَبِي هُرَيْرَة رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: عَنِ النَّبِي صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّمَ قَالَ « اِجْتَنِبُوْا السَبْعَ الْمُوْبِقَاتِ» قَالُوا: يَا رَسُولَ اللهِ «وَمَا هُنَّ؟» قال: «أَلشِّرْكُ بِاللهِ، وَالسِّحْرُ، وقَتْلُ النَّفْسِ الَّتِي حَرَّمَ اللهُ إِلاَّ بِالْحَقِّ، وأَكْلُ الرِّبَا، وأَكْلُ مَالِ اليَتِيْمِ، والتَّوَلِّي يَوْمَ الزَحْفِ، وَقَذْفُ الْمُحْصَنَاتِ الْمُؤْمِنَاتِ الغَافِلاَتِ] (رَوَاهُ البُخَارِي ومُسْلِمٌ)

«ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: يەتتە خىل ھالاكەتلىك گۇناھتىن ساقلىنىڭلار دېگەندە، كىشىلەر «ئەي رەسۇلۇللاھ، ئۇ گۇناھلار قايسىلار؟» دەپ سورىغان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، جازانىخورلۇق قىلىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، جەڭ مەيدانىدىن قېچىش، ئىپپەتلىك، پاك مۆئمىن ئايالغا بوھتان چاپلاش دېگەن».

بۇ ھەدىستە چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ كەينىدىنلا سېھىرگەرلىكنىڭ كېلىشى بۇ قىلمىشنىڭ نەقەدەر ئېغىر گۇناھلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق بىر قىسىم ساھابىلەر تىكلەنگەن تاشلار ۋە پال ئوقلىرى توغرىسىدا توختىلىپ: «تىكلەنگەن تاشلار ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى

ئەرەبلەر قۇربانلىق قىلىدىغان ماللىرىنى ئېلىپ كېلىپ ئالدىغا قويۇپ بوغۇزلايدىغان تاشلاردۇر. پال ئوقلىرى بولسا پال سېلىشقا ئىشلىتىدىغان ئوقلاردۇر» دەيدۇ. ئابدۇللا ئىبنى ئابباس يەنە «بۇ ئىشلار ئاللاھ تائالانى غەزەپلەندۈرىدىغان شەيتاننىڭ قىلىقلىرىدىندۇر» دېگەن.

ئەمما بىر قىسىم شەيتان كەينىگە كىرگەن ئىنسانلار ئاللاھنىڭ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قارشى «پالغا ئىشەنمە، پالسىزمۇ يۈرمە» دېگەن سۆزلەرنى جەمئىيەتتە تارقىتىپ ئۆزىگە ۋە بۇ سۆزلەرگە ئىشەنگۈچىلەرگە جەھەننەمدىن ئورۇن هازىرلىماقتا.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿ عَالِمُ الْغَيْبِ فَلَا يُظْهِرُ عَلَى غَيْبِهِ أَحَدًا ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئاللاھ غايىبنى بىلگۈچىدۇر، شۇڭا ئۇ ئۆزىگە خاس سىرلارنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىمايدۇ﴾ (سۈرە جىن 26 ـ ئايەت)

يۇقارقى ئايەت ئارقىلىق ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان تۇرسا، ئۇ پالچى، جىنكەشلەر غەيبىي ئىشلارنى قانداق بىلەلىسۇن؟ بۇ ئۇچۇق ئازغۇنلۇق ۋە گۇمراھلىق بولماي نېمە؟

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُل لاَّ أَقُولُ لَكُمْ عِندِي خَزَآئِنُ اللّهِ وَلا أَعْلَمُ الْغَيْبَ وَلا أَقُولُ لَكُمْ إِنِّي مَلَكٌ إِنْ أَتَّبِعُ إِلاَّ مَا يُوحَى إِلَيَّ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ (ئى مۇھەممەد! كاپىرلارغا) ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە، مەندە ئاللاھنىڭ خەزىنىلىرى بار، دېمەيمەن، مەن غەيبنى بىلمەيمەن، دەپمۇ ئېيتمايمەن، سىلەرگە، مەن ھەقىقەتەن بىر پەرىشتە، دەپمۇ ئېيتمايمەن. مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەمەل قىلىمەن»﴾.(سۈرە ئەنئام 50 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُل لاَّ أَمْلِكُ لِنَفْسِي نَفْعًا وَلاَ ضَرًّا إِلاَّ مَا شَاء اللّهُ وَلَوْ كُنتُ أَعْلَمُ الْغَيْبَ لاَسْتَكْثَرْتُ مِنَ الْخَيْرِ وَمَا مَسَّنِيَ السُّوءُ إِنْ أَنَاْ إِلاَّ نَذِيرٌ وَبَشِيرٌ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ﴾

تەرجىمىسى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئاللاھنىڭ خالىغىنىدىن باشقا، ئۆزۈمگە پايدا يەتكۈزۈش، زىياننى توسۇپ قېلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام، ئۆزۈمگە نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن، زىيان ـ زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم، مەن پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن﴾ (سۈرە ئەئراف 188 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَمَّا قَضَيْنَا عَلَيْهِ الْمَوْتَ مَا دَلَّهُمْ عَلَى مَوْتِهِ إِلَّا دَابَّةُ الْأَرْضِ تَأْكُلُ مِنسَأَتَهُ فَلَمَّا خَرَّ تَبَيَّنَتِ الْجِنُّ أَن لَّوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ الْغَيْبَ مَا لَبِثُوا فِي الْعَذَابِ الْمُهِينِ﴾

تەرجىمىسى: ﴿سۇلەيماننى ۋاپات قىلدۇرغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن جىنلارنى پەقەت ئۇنىڭ ھاسىسىنى يېگەن قۇرتلار خەۋەردار قىلدى، سۇلەيمان يېقىلغان چاغدا

جىنلارغا ئېنىق بولىدىكى، ئەگەر ئۇلار غەيبنى بىلىدىغان بولسا ئىدى، (ئېغىر ئەمگەك) خار قىلغۇچى ئازاب ئىچىدە ئۇزاق ۋاقىت تۇرمىغان بولاتتى﴾. (سۈرە سەبەئ 14 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا تَدْرِي نَفْسٌ مَّاذَا تَكْسِبُ غَدًا﴾

تەرجىمىسى: ﴿ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ﴾ (سۈرە لوقمان 34 ـ ئايەت)

[سَأَلَ أُنَاسٌ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ «عَنْ الْكُهَّانِ» فَقَالَ لَهُمْ رَسُولُ «لَيْسُوا بِشَيْءٍ» قَالُوا «يَا رَسُولَ اللهِ فَإِنَّهُمْ يُحَدِّثُونَ أَحْيَانًا بِالشَّيْءِ يَكُونُ حَقًّا» فَقَالَ رَسُولُ اللهِ «تِلْكَ الْكَلِمَةُ مِنْ الْحَقِّ يَخْطَفُهَا الْجِنِّيُّ فَيَقُرُّهَا فِي أُذُنِ وَلِيِّهِ قَرَّ الدَّجَاجَةِ فَيَخْلِطُونَ فِيهَا أَكْثَرَ مِنْ مِائَةِ كَذْبَةٍ»] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

«بىر توپ كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن راماللىق ھەققىدە سورىغاندا؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن: ئۇلار غەيب ئىلىملىرىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ» دېدى، ساھابىلەر: يا رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنىڭ سۆزلىگەن نەرسىلىرى بەزەن ۋاقىتتا توغرا چىقىپ قالىدىغۇ؟! دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئاشۇ توغرا چىققان سۆزنى ئۇلار جىنلاردىن ئاڭلاپ ئېسىدە تۇتۇۋالغان بولۇپ، جىنلار ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا توخۇ چوقۇلىغاندەك بىر نەرسىلەرنى دەيدۇ، ئۇلار بۇنىڭغا يۈزدىن ئارتۇق يالغاننى قېتىپ سۆزلەيدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىنلارنىڭ پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى قانداق ئوغۇرلايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: [إِذَا قَضَى أَمْرًا سَبَّحَهُ حَمَلَةُ الْعَرْشِ ثُمَّ سَبَّحَهُ أَهْلُ السَّمَاءِ الَّذِينَ يَلُونَهُمْ حَتَّى يَبْلُغَ التَّسْبِيحُ أَهْلَ السَّمَاءِ الدُّنْيَا ثُمَّ يَقُولُ الَّذِينَ يَلُوْنَ حَمَلَةَ الْعَرْشِ لِحَمَلَةِ الْعَرْشِ مَاذَا قَالَ رَبُّكُمْ فَيُخْبِرُونَهُمْ فَيَسْتَخْبِرُ أَهْلُ السَّمَوَاتِ بَعْضُهُمْ بَعْضًا حَتَّى يَبْلُغَ الْخَبَرُ هَذِهِ السَّمَاءِ الدُّنْيَا فَتَخْطَفُ الْجِنُّ السَّمْعَ فَيُلْقُونَهُ إِلَى أَوْلِيَائِهِمْ فَمَا جَاءُوا بِهِ عَلَى وَجْهِهِ فَهُوَ حَقٌّ وَلَكِنَّهُمْ يَقْذِفُوْنَ فِيْهِ] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

«ئاللاھ تائالا بىر ئىشقا ھۆكۈم قىلسا پەرىشتىلەرگە ئاڭلىتىدۇ، ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر خۇرسەنلىكتىن تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا يانداش ئاسماندىكى پەرىشتىلەر تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەتتا دۇنيانىڭ ئاسمىنىدىكى پەرىشتىلەرمۇ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئەرشنى كۆتۈرگەن پەرىشتىلەرگە يېقىن پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: پەرۋەردىگارىڭلار نېمە دېدى؟ دەپ سورايدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ دېگەن سۆزىدىن خەۋەر بېرىدۇ، ئاسماندىكى پەرىشتىلەرنىڭ بەزىسى بەزىسىگە خەۋەر قىلىپ ھەتتا بۇ خەۋەر دۇنيانىڭ ئاسمىنىدىكى پەرىشتىلەرگە يېتىپ كېلىدۇ، جىنلار بۇلاردىن ئوغرىلىقچە ئاڭلاپ ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي شەيتانلاردىن بولغان يېقىن كىشىلىرىگە خەۋەر يەتكۈزىدۇ، ئۇلار بۇ خەۋەرلەرگە ھەر خىل توقۇلمىلارنى قېتىپ كۆپەيتىپ تارقىتىدۇ»

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿حُرِّمَتْ عَلَيْكُمْ ..... وَأَن تَسْتَقْسِمُواْ بِالأَزْلاَمِ ذَلِكُمْ فِسْقٌ﴾

تەرجىمىسى: ﴿سىلەرگە پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىشىڭلار ھارام قىلىندى﴾. (سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەت)

بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدە رامال، پالچىلار پال ئوقلىرى بىلەن پال سالمىسىمۇ، كاللىسىنى ئازراق ئىشلىتىپ، قۇم ـ تاش ياكى قارتا بىلەن، قول كۆرۈش ئارقىلىق ياكى تۇما بىلەن، كىتاب ئېچىش بىلەن پال سېلىشنىڭ خىلمۇخىل تۈرلىرىنى كۆپەيتتى.

پەيغەمبىرىمىز بۇنىڭدىن 14ئەسىر بۇرۇنلا پالچى ۋە پالغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى جاكارلاپ «كىمكى پالچىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلايدىكەن مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) گە نازىل قىلىنغان قۇرئانغا كاپىر بولغان بولىدۇ» دېگەن ئىدى. (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)

يەنە بىر ھەدىستە «پال باققان ۋە پال باقتۇرغان، غائىبتىن سۆزلىگەن ۋە سۆزلەتكەن، سېھىر قىلغان ۋە سېھىر قىلدۇرغان، پالچىنىڭ يېنىغا كېلىپ دېگىنىنى تەستىقلىغان كىشى مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) گە نازىل قىلىنغان قۇرئانىنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ» دەپ كەلدى. (بەززار رىۋايەت قىلغان)

بۇ خىل كىشىلەر ئاللاھدىن ئۆزلىرىگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتتىنمۇ قۇرۇق قالىدىغانلىقى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «غەيبتىن گەپ قىلغان ياكى پال سالغان، ياكى سەپەرگە چىقىپ بولۇپ شۇملۇق ھېس قىلىپ قايتىپ كەتكەن ئادەم يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشەلمەيدۇ» (نەسائى رىۋايەت قىلغان)

يۇقىرىدا جامائەتلىرىمىزگە دىنىمىزنىڭ پالچىلىق، جىنكەشلىك قاتارلىقلارنى چەكلىگەنلىكى توغرىسىدىكى بىر قىسىم ئايەت ـ ھەدىسلەرنى يەتكۈزدۇق.

ئەلۋەتتە، جامائەتلىرىمىز يۇقىرىدا سۆزلەنگەن جىنلار توغرىسىدىكى ۋە پالچىلىق، سېھرىگەرلىكدىن ئىبارەت ئىنساننى دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان ئېغىر گۇناھ ھەققىدىكى مەلۇماتلاردىن خەۋەردار بولدى.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! خەلقىمىز تارىختىن بۇيان نادانلىق، بىدئەتچىلىك، خۇراپاتلىقنىڭ ئىتتىپاقلىق، ئۆملۈككە يەتكۈزگەن زىيىنىنى يەتكۈچە تارتقان مىللەت. ئۇزۇن يىللاردىن بىرى جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشىمىزغا سەۋەب بولغان ئىللەتلەرنىڭ ئىچىمىزدىن قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقماسلىقى ئۈچۈن ئۆزئارا ھەقنى يەتكۈزۈپ، ئائىلىمىزگە، قەۋم ـ قېرىنداشلىرىمىزغا ئىگە بولۇپ، پالچىلىق، سېھىر، داخانلىق قاتارلىق خۇراپاتلىقلاردىن ئاگاھ بولۇش ۋە ئۇلارنى توسۇش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى!

# «ئايەتۇلكۇرسىي» نىڭ قىسقىچە تەپسىرى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

**(ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)**

﴿ اللهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ لَّهُ مَا فِيْ السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ مَنْ ذَا الَّذِيْ يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلاَّ بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيْهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلاَ يُحِيْطُوْنَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَاء وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَلاَ يَؤُوْدُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيْمُ﴾

تەرجىمىسى: ﴿بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ۋە كەينىدىكى (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن ئاللاھ بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ كۇرسىسى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە سىغدۇرىدۇ. ئاسمان ـ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر﴾ (سۈرە بەقەر **255** ـ ئايەت)

**«ئايەتۇلكۇرسى» ھەققىدە**

«ئايەتۇلكۇرسى» سۈرە بەقەرنىڭ 255 ـ ئايىتى بولۇپ مەككىدە نازىل بولغان. ئۇ قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ خاسىيەتلىك ئايەت. ئۇنىڭدا ئىمان تەسەۋۋۇرىنىڭ قائىدىلىرى مەركەزلىك بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنىڭ (يەنى بىرخۇدالىق ئەقىدىسىنىڭ) مەنىسىنى ناھايىتى ئېنىچكە، ناھايىتى روشەن رەۋىشتە مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان سۈپەتلەر زىكرى قىلىنغان.

بۇ ئايەتتىكى ھەر بىر جۈملە ئاللاھنىڭ بىر ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۈپىتى بولۇپ ئىسلام تەسەۋۋۇرىنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرى ئىچىدىن بىردىن قائىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەتتە مەككىدە نازىل بولغان قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇشۇ تەسەۋۋۇر

ئاساسىدا دەۋر قىلىدۇ؛ مەدىنىدە نازىل بولغان ئايەتلەرمۇ مۇشۇ تەسەۋۋۇرنى ئاساسىي تېما قىلغان ئاساستا باشقا ھەرخىل (فۇرۇئات①) تېمىلارنى بايان قىلىدۇ. ئىسلامنىڭ بارلىق قائىدە-پرىنسىپلىرى مۇشۇ ھۇل تېما ئاساسىغا بىكىتىلگەن بولۇپ، بۇ قائىدە-پىرىنسىپلار پەقەت مۇشۇ ئۇل پۇختا بولغاندىلا ئاندىن مۇكەممەل بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ئىمان تەسەۋۋۇرىنىڭ جەۋھىرىدۇر. ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ئىنسان قەلبىگە روشەن، مۇستەھكەم ئورنىشى ئىمان تەسەۋۋۇرىدا پىرىنسىپال ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، جاھىلىيەتچە تەسەۋۋۇردىن شەكىللەنگەن دۆغلار قاتمىسىنىڭ كۆپىنچىسى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنىڭ غۇۋالىشىشى، خۇراپاتلىق ۋە ئەپسانە-چۆچەكلەرنىڭ ئەدەپ كېتىشى، گەپدانلارنىڭ سۇنئىي پەلسەپە-مەنتىقلىرىنىڭ تېخىمۇ بېزىلىپ كۆرستىلىشى سەۋەبىدىن بولغان بولۇپ، ئىسلام دىنى كېلىپ بۇ خىل غۇۋالىقنى سۈزدى، خۇراپاتلىقنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىدى، گەپدانلىقنىڭ سېھرىي پەردىسىنى يىرتىپ تاشلىدى.

بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ جان تومۇرىنى؛ ئاللاھنىڭ مۇگدىمەس، ئۇخلىماس ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي تىرىكلىكى، ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى، ھەممىنىڭ ئىگىسى بولۇشتىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ كامالىي سۈپەتلىرىنى؛ ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئىزنىسىز ھېچكىمنىڭ شاپائەت قىلالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەۋھىد بىلەن شېرىك ئەقىدىنىڭ نازۇك ھالقىسىنى؛ ئاللاھنىڭ ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن ئاللاھ بىلدۈرگەندىن باشقىسىنى ھېچكىمنىڭ بىلمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىسلامنىڭ چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە سەل قاراشتىن خالى بولغان نورمال ئىدىيەسىنى؛ ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ غايەت زور ئىكەنلىكى، ئاشۇ مەخلۇقاتلىرىنى يارىتىپ قويۇپ تاشلىۋەتمەي ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ ئاللاھقا ئېغىر كەلمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەڭداشسىز قۇدرەتنىڭ ئاللاھنىڭ كامالىي قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان دەلىل-ھۆججەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

## «ئايەتۇلكۇرسى» نىڭ خاسىيىتى

بىز مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەردىن «ئايەتۇلكۇرسى» غا ئالاقىدار ھەدىس-ئەسەرلەرنى ئىزدىگەن ۋاقتىمىزدا، بۇ ئايەتنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىس-ئەسەرلەرنىڭ

---

① فۇرۇئات — ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىدىن باشقا بارلىق مەسىلىلىرىنى كۆرسىتىدۇ — ئا.

بارلىقىنى كۆرۈپ بۇ ئايەتنىڭ خاسىيىتىنىڭ ئىنتايىن ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلىمىز ھەمدە تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرگە يىغىنچاقلاپ بايان قىلىمىز.

1. «ئايەتۇلكۇرسى» قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايەت

«ئابدۇللاھ ئىبنى رەباھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەبۇ مۇنزىر، ئاللاھنىڭ (سەندىكى) كىتابىدىن قايسى ئايەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلىقىنى بىلەمسەن؟» دېدى. ئۇبەي: مەن: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلىدۇ» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەبۇ مۇنزىر، ئاللاھنىڭ (سەندىكى) كىتابىدىن قايسى ئايەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىنى بىلەمسەن؟» دېدى. ئۇبەي: مەن: ﴿اللّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ﴾ ﴿ بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر﴾ دېدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆكسۈمگە ئۇرۇپ قويۇپ مۇنداق دېدى: « ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى ئەبۇ مۇنزىر ساڭا ئىلىم مۇبارەك بولسۇن!» (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

2. «ئايەتۇلكۇرسى» قۇرئان كەرىمدىكى بارلىق ئايەتلەرنىڭ جەۋھىرى

«ئۇبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەرقانداق نەرسىنىڭ يۇكسەك پەللىسى بار. ھەقىقەتەن قۇرئاننىڭ يۇكسەك پەللىسى سۇرە بەقەرە» دۇر، ئۇنىڭدا بىر ئايەت باركى، ئۇ قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ جەۋھىرى ـ «ئايەتۇلكۇرسى» دۇر» (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

3. «ئايەتۇلكۇرسى»تا ئىسمى ئەزەم بار

«ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ھەقىقەتەن قۇرئاندىكى «بەقەرە»، «ئال ئىمران»، «تاھا» قاتارلىق ئۈچ سۇرىدە ئىسمى ئەزەم (ئاللاھنىڭ كاتتا ئىسمى) بار» دېدى شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ئىزدىدىم. سۇرە «بەقەرە» دىن «ئايەتۇلكۇرسى» يەنى ﴿اللّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ﴾ ﴿ بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر﴾ نى؛ «ئال ئىمران» دىن ﴿آلَمّ اللّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ﴾ ﴿ ئەلىف، لام ، مىيم . بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر﴾ نى ؛ سۇرە «تاھا» دىن ﴿وَعَنَتِ الْوُجُوهُ لِلْحَيِّ الْقَيُّومِ﴾ ﴿گۇناھكارلار مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى (مەڭگۈ) ھايات ئاللاھقا ئېگىلىدۇ﴾ نى تاپتىم» (ھاكىم رىۋايەت قىلغان)

4. «ئايەتۇلكۇرسى» نى نامازدىن كېيىن ئوقۇش كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ

«ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئۇنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتقان: «كىمكى «ئايەتۇلكۇرسى» نى ھەر (پەرز) نامازدىن كېيىن ئوقۇسا، ئۇ ئادەمنى جەننەتكە كىرىشتىن پەقەت ئۆلۈملا توسۇپ قالىدۇ» (نەسائىي ۋە تەبرانى ).

5.«ئايەتۇلكۇرسى» نى ئوقۇش كىشىدىن شەيتاننى يىراقلاشتۇرىدۇ

بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر ھەدىسى بار. بۇ ھەدىس بىرئاز ئۇزۇن بولغاچقا، سەھىپە ئېتىبارى بىلەن بۇ يەردە بېرىلمىدى. شۇڭا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى9 ـ ئايدا نەشر قىلغان؛ 2007 ـ يىلى3 ـ ئايدا 2 ـ قېتىم بېسىلغان «ياخشىلار باغچىسى» ناملىق كىتابنىڭ481 ـ بېتىدىكى1020 ـ نومۇرلۇق ھەدىسنى كۆرۈۋېلىشنى سورايمىز.

## «ئايەتۇلكۇرسى»نىڭ ئاساسي مەزمۇنى

بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ بىردىنبىر ئىلاھ ئىكەنلىكى، ئاللاھنىڭ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي تىرىك، بارچە مەخلۇقاتنى كونتۇرۇل قىلىپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكى، ئاللاھنىڭ ئىنسان ۋە باشقا جانىدارلارغا ئوخشاش مۈگدىمەيدىغانلىقى، ئۇخلىمايدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئەمرىسىز ھېچكىمنىڭ شاپائەت قىلالمايدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ۋە قىلىدىغان ھەم ئۇلار ئاخىرەتتە دۇچ كېلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكى، ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ بىلدۈرمىگەن نەرسىلەرنىڭ ھېچبىرىنى بىلمەيدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ كۇرسىنىڭ ياكى ئىلمىنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، ئاللاھقا ئاسمانلارنى، زېمىننى ساقلاش ئېغىر كەلمەيدىغانلىقى، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ئەڭ ئالى ئىكەنلىكى، كاتتىلىق ئىگىسى ئىكەنلىكى ئاساسي مەزمۇن قىلىنغان

«ئايەتۇلكۇرسى»دىكى ئاچقۇلۇق سۆزلەرنىڭ مەنىسى

1. «الْحَيُّ» ـ ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنىڭ بىرى. مەنىسى: ھەمىشە تىرىك، مەڭگۈ ھايات.

2. «الْقَيُّومُ» ـ ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنىڭ بىرى. مەنىسى: ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى.

3. «وَسِعَ» ـ مەنىسى: ئۆز ئىچىگە ئالدى، سىغدۇردى.

4. «كُرْسِيُّ» ـ مەنىسى: كۇرسي، يەنى ئاللاھنىڭ ئەرشىدىن كىچىك، ئاسمانلارنى، زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھايىتى زور مەخلۇقى بولۇپ ئۇنىڭ ئۆزى مەلۇم، قانداقلىقى نامەلۇم، ئىلىم، مەلۇمات؛

5. «الْعَلِيُّ» – مەنىسى: يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئەڭ ئالى، ئەڭ ئۈستۈن.

6. «الْعَظِيمُ» ـ مەنىسى: ھەممىدىن ئۇلۇغ، ئەڭ كاتتا، ئەڭ بۈيۈك.

**«ئايەتۇلكۇرسى» نىڭ تەپسىرى**

(بۇ ئايەت 10جۇملىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ھەر بىر جۇملە بىردىن مۇھىم مەسىلىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ، بىز بۇ ئايەتنى مۇشۇ ئون جۇملە بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم تەپسىر قىلىشقا تىرىشىمىز):

**﴿ اللّٰهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ ﴾ ﴿بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر﴾ نىڭ تەپسىرى**

بۇ جۇملە ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ يادروسى بولغان تەۋھىد كەلىمىسىدۇر. ئاللاھنىڭ يەككە ـ يېگانىلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئەقىدە باشقا ئەقىدىلەرگە ئوخشاش ھېچقانداق ئۆزگەرتىشنى، بۇرمىلاشنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.

بۇ كەلىمە ئىسلامدىكى تۇنجى كەلىمە ھەم ئاخىرقى كەلىمە بولۇپ ئىسلامغا كىرگەن كىشى بۇ كەلىمىنى ئېيتىدۇ، دۇنيادىن خوشلاشقاندىمۇ مۇشۇ كەلىمىنى تەلقىن قىلىپ خوشلىشىدۇ؛ بۇ كەلىمە ئىسلامدىكى ئەڭ ئاساسىي، ئەڭ پىرىنسىپال كەلىمە. بۇ كەلىمە بىلەن ئاللاھ بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىنسانىيەتكە ئەۋەتكەن، بۇ كەلىمە بىلەن ئاللاھ تائالا كىتابلارنى نازىل قىلغان: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالإِنْسَ إِلاَّ لِيَعْبُدُوْنِ﴾ تەرجىمىسى: ﴿مەن جىنلار، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا قۇلچىلىق قىلسۇن دەپلا ياراتتىم ﴾ (سۈرە زارىيات 56 ـ ئايەت) دېگەندەك ئىنسان ـ جىنلارنى ئاشۇ كەلىمە ئۈچۈن ياراتقان .

بۇ ساپ، قەتئىي ئەقىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي تەسەۋۋۇرىنى بەرپا قىلىدىغان ئاساسىي قائىدىدۇر. بۇ قائىدىدىن ئىسلامنىڭ ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بارلىق پىروگراممىلىرى شاخلىنىپ چىقىدۇ. مانا مۇشۇ تەسەۋۋۇردىن پەقەت ئاللاھقىلا قۇلچىلىق قىلىشقا ۋە پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىشقا يۈزلىنىشتىن ئىبارەت ھەقىقىي بۇرۇلۇش ھاسىل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان پەقەت ئاللاھقىلا قۇلچىلىق قىلىپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا يۈزلىنىدۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭلا بەندىسى، ئىنسانلارنىڭ باب ـ باراۋەر قېرىندىشى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ.

مانا مۇشۇ تەسەۋۋۇردىن ئىسلامنىڭ قىممەت قارىشى كېلىپ چىقىدۇ. ئىنسان ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكەتنى، تائەت ـ ئىبادەتنى مۇشۇ قاراش بىلەن ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە قىلىش سالاھىيىتىگە ۋە ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ.

**﴿ الْحَيُّ الْقَيُّومُ﴾ (ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر) نىڭ تەپسىرى**

«ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر» دېگەن بۇ ئىككى ئىسىم ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇ

ئىككىسى كامالىي سۈپەتلەرنى ۋە كامالىي پېئىللارنى ئۆزلىرىدە مۇجەسسەملىگەندۇر: كامالىي سۈپەتلەر «الْحَيُّ» «ھەممىشە تىرىك» دا، كامالىي پېئىللار «الْقَيُّومُ» (ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى) دا ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى، «الْحَيُّ» نىڭ مەنىسى كامىل ھاياتلىق ئىگىسى دېگەنلىكتۇر. ئاللاھنىڭ ھاياتىنىڭ كامالىتى ئەزەلىي ھەم ئەبەدىي بولۇپ ئۇ ئەزەلدىن ھايات، ئەبەدىي ھاياتتۇر. ئاللاھنىڭ «ھايات» سۈپىتى بارلىق كامالىي سۈپەتلىرىدىن كامىلدۇر؛ «الْقَيُّوْمُ» نىڭ مەنىسى ئۆزى بولغۇچى، قائىم بولغۇچى، بەرقارار بولغۇچى، غەيرىگە ئېھتىياجى چۈشمەيدىغان، كونترول قىلغۇچى، ئىدارە قىلغۇچى، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاج بولغۇچى، دېگەنلىكتۇر. مانا مۇشۇنداق مەنىلەرنى نەزەرگە ئېلىپ قارايدىغان بولساق، «الْحَيُّ» (ھەممىشە تىرىك) نىڭ ئىسىملىق خاراكتېرى كۈچلۈك، «الْقَيُّوْمُ» (ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى) نىڭ پېئىللىق خاراكتېرى كۈچلۈك.

يەككە ـ يېگانە، ھەقىقىي ئىلاھ سۈپەتلىنىدىغان ھاياتلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ھاياتىغا ئوخشاش باشقا زات تەرىپىدىن يارىتىلىپ ئاتا قىلىنىدىغان ھاياتلىق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ زاتىدا ئەزەلىي بار بولغان ھەقىقىي، مۇتلەق ھاياتلىقتۇر. شۇڭا، ئاللاھ تائالا مۇشۇ خىل مەنىدىكى ھاياتلىق بىلەن پەقەت ئۆزىلا يەككە ـ يېگانە سۈپەتلىنىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ خىل ھاياتلىق باشلىنىشنىڭ ئىپتىداسى يوق، ئاخىرلىشىنىڭ ئىنتىھاسى يوق بولغان ئەزەلىي ھەم ئەبەدىي ھاياتلىق بولۇپ، باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش چېكى بولغان مەخلۇقلارنىڭ ھاياتىغا ماس بولغان زامان ئۇقۇمىدىن تاشقىرى ھاياتلىقتۇر. شۇڭا، ئاللاھ تائالا مۇشۇ مەنىدىكى ھاياتلىق بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇنداق ھاياتلىق ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىقنى تونۇشتىكى ئۆلچىمى ۋە بەلگىسىدىن مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىدىغان ھاياتلىقتۇر. ھەقىقەتەن ﴿لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ﴾ ﴿ھېچ نەرسە ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر﴾ (سۈرە شۇرا 11 ـ ئايەت). شۇڭا، ئاللاھنىڭ ھاياتى بەندىلەرنىڭ ھاياتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىدۇ شۇنداقلا ئىنسان چۈشەنچىسىدىكى ھاياتلىق ئۇقۇمىنى بەلگىلەيدىغان ھەرقانداق خۇسۇسىيەتتىن مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىدىغان ھاياتلىق ئاللاھ تائالاغا سازاۋەر بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق چۈشەنچە بىلەن ئىنسان خىيالىدا غەلىيان قىلىۋاتقان ئىنسانىي ئاللاھقا، ئاللاھنى ئىنسانغا ئوخشىتىشتەك شېرىك ئەقىدىلەر ۋە خۇراپىي چۈشەنچىلەرنىڭ ھەممىسى يوقۇلۇشقا يۈزلىنىدۇ.

**﴿لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَّلاَ نَوْمٌ﴾ ﴿ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ﴾ نىڭ تەپسىرى**

بۇ جۈملە يۇقىرىقى جۈملە - ﴿ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ نىڭ مەنىسىنى تەكىتلەيدۇ. مۈگدەش ، ئۇخلاش مەخلۇقتا خاس ھاياتلىقنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بولۇپ ئۇ خالىقتا خاس ھاياتلىقتا مۇخالىپ كېلىدۇ. مۈگدىمەسلىك، ئۇخلىماسلىق ھېچ شەيئىگە ئوخشىمايدىغان ھاياتلىقنىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئۇ پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر. ھەمىشە يەنى ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي تىرىك، ھەممىنى يەنى كۆللى مەۋجۇداتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، دېگەن بۇ سۈپەت مۈگدىمەسلىك ۋە ئۇخلىماسلىقنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ جۈملە ئاللاھنىڭ ـ مەيلى يەڭگىل مەيلى قاتتىق بولسۇن ـ ئۇخلىمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ ئاللاھ تائالانى مۈگدەش ۋە ئۇخلاشتىن ئىبارەت مەخلۇقىي سۈپەتلەردىن پاكلايدۇ.

پۈتۈن مەۋجۇداتنى ھەر قاچان ئىدارە قىلىشنىڭ ھەقىقىتى ناھايىتى بۈيۈك ھەقىقەتتۇر. ئىنسان بۇ ھەقىقەتنى تەسەۋۋۇر قىلغاندا ئۆزىنىڭ چەكلىك تەسەۋۋۇرى بىلەن خىيال دېڭىزىدا ئۈزگەندە، ئىنسانغا نىسبەتەن بۇ پايانسىز ئالەمدە يۈز بەرگەن ھادىسە، شەيئىلەرنى، جانلىقلارنى، ھۈجەيرىلىرىنى، مولېكۇلالارنى ساناپ تۈگىتەلمەيدۇ. بىراق قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە تەسەۋۋۇر ۋە تەتقىق قىلىپ ئاللاھنىڭ ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ئاللاھقا بېقىنىدىغانلىقىنى، تايىنىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ.

پۈتۈن مەۋجۇداتنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىنسان قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، ئىنسان پەقەت بۇنىڭ ئىچىدىن ناھايىتى ئاز نەرسىلەرنىلا تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. كائىنات ۋە ئۇنىڭ يارىتىلىشىدىكى ئاجايىباتلار ئادەم ئەقلىنى لال قىلىدۇ، تەسەۋۋۇر قىلغانسېرى، تەھقىق قىلغانسېرى ئادەمنىڭ ھەيرانلىقى شۇنچە كۈچىيىدۇ، ھەيرانلىقى ئاشقانسېرى قايىللىقى شۇنچە كۈچىيىدۇ، ئىمانى شۇنچە زىيادىلىشىدۇ ھەم بۇنىڭدىن چەكسىز ھۇزۇر ۋە بەخت ھېس قىلىدۇ.

**﴿ لَّهُ مَا فِيْ السَّمَاوَاتِ وَمَا فِيْ الأَرْضِ ﴾ ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ (مۈلكى) دۇر﴾ نىڭ تەپسىرى**

ھەقىقەتەن ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ (مۈلكى)دۇر﴾، ئاللاھ ئىگىدۇر، ئاللاھتىن باشقىسى مۈلۈكتۇر، ئاللاھ ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، باشقۇرغۇچىدۇر. ئاللاھتىن باشقىسى يارىتىلغۇچى، تەمىنلەنگۈچى ، باشقۇرۇلغۇچىدۇر.

يارالغۇچى ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا مۇتلەق ئىگە بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىنكى جۈملىدە ﴿ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن ﴾ دېيىلگەن. ئەگەر مەخلۇق ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئىگە بولالايدۇ، دېيىلگەندە ئاللاھنىڭ ئىزنى ۋە رۇخستى بىلەن ئىگە بولالايدۇ. ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولۇش مەلۇم دائىرە ۋە چەكلىمە ئىچىدە بولىدۇ، ئىنساننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئەلۋەتتە نىسپىي بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئىگىدارلىقى ھەم ئومۇمىي ھەم مۇتلەق بولىدۇ، ئۇ ھېچقانداق چەكلىمە، شەرت ۋە يوقۇلۇش ياكى شېرىكچىلىكنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ، بىر خۇدالىق ئەقىدىنىڭ بىر مەزمۇنىدۇر. ئاللاھ ھەمىشە تىرىك بولغان ھەممىگە ئىگىدارلىق قىلىدىغان يېگانە زاتتۇر. بۇ خىل ئىگىدارلىق چۈشەنچىسى ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئىگىدارلىقنىڭ مەنىسىنى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تونۇش ۋە بەلگىلەشتە بىرلەمچى خاراكتېرلىك رولى بار. ئىگىلىك پەقەت ئاللاھقىلا خاسلاشقاندا كىشىلەرنىڭ مۈلۈكلەرگە ئەسلىدىنلا ئىگىدارلىق قىلىش سالاھىيتى بولمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىگىلىكى ئەسلىدە ھەممىگە ئىگىدارلىق قىلىدىغان ھەقىقىي بىر ئىگە تەرەپتىن ئىگە قىلىنغان مۈلۈكتۇر. شۇڭا كىشىلەر بۇ ئىگىلىككە ئىگىدارلىق قىلىشتا بۇ ئىگىلىككە ئىگە قىلغۇچى ئىگىنىڭ شەرتلىرىگە بويسۇنۇشى كېرەك بولىدۇ. بۇ ئىگە ئۇلارغا ئۆز پىرىنسىپىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ پىرىنسىپتىن چەتنىشىگە ئاساس يوق. ئەگەر پىرىنسىپتىن چەتنەيدىكەن ئۇلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىگىلىكى شەرئىي ئەھدىدىن ۋە شەرئىي يولدىن چەتنەپ ئېرىشكەن ئىگىلىك بولغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل مۈلۈكلىرىدە ئېلىپ بارغان تەسەررۇپاتلىرى، مۇئامىلاتلىرى باتىل بولىدۇ. بۇنداق مۇئامىلىنى ھەقىقىي مۇئمىن رەت قىلىدۇ. دېمەك، ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ(مۈلكى)دۇر﴾ دېگەن بۇ ھۆكۈم پەقەت تۇيغۇ جەھەتتىكى ئەقىدىۋى ھەقىقەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى رېئال كىشىلىك ھاياتنىڭ دەستۇرىنىمۇ بەلگىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى ئىنسان ئۆز قەلبىدىن ئورۇن ئالدۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۆزىگە بېرىلگەن مۈلۈكنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش، ۋاقتى كەلگەندە مال-مۈلكىنىڭ قولدىن كېتىپ قېلىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلدۇرۇش، ئاخىرىدا بۇ مۈلۈكنىڭ ئاللاھقا قايتىدىغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ قولىدىكى مال-مۈلۈكنىڭ مەلۇم مۇددەتكىچە ئاللاھتىن ئېلىنغان ئارىيەت ياكى

ئامانەت ئىكەنلىكىنى، ئارىيەت ۋە ئامانەتنىڭ ھامان ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدىغانلىقىنىمۇ چوڭقۇر ئويلاندۇرۇش لازىم. بۇنداق قىلىش ئىنساننى پەسلىك، تەمەخورلۇق، بېخىللىق ، ئاچكۆزلۈك قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنىڭ شەررىدىن ئەمىن قىلىدۇ. ۋۇجۇدىدا قانائەت، رازىمەنلىك، كەڭ قورساقلىق، مەردلىك، سېخىيلىق قاتارلىق ئېسىل خىسلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ ۋە ئېرىشكەندە كۆرەڭلەپ كەتمەيدىغان، قولدىن كەتكەندە ئاھ ئۇرۇپ، ئۆزىنى يوقاتماي توغرا ئاڭ بىلەن ئىگىلىك تىكلەش ئىرادىسىنى بىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.

**﴿مَنْ ذَا الَّذِيْ يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلاَّ بِإِذْنِهِ﴾ ﴿ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن﴾ نىڭ تەپسىرى**

بۇ جۈملىمۇ ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ ئىلاھلىق ماقام بىلەن بەندىلىك ماقامىنىڭ پەرقىنى ئايرىپ بېرىدۇ. بەندە دېگەن ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۆۋەنچىلىك بىلەن تۇرىدۇ. بىراۋغا ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلىشقا مەيدە قاقمايدۇ. ئەگەر ئاللاھ رۇخسەت قىلسا، بۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇ، ئاللاھنىڭ رۇخسىتىنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ ھەم چىقىپ كېتەلمەيدۇ. بەندىلەر بىرى-بىرىدىن ئارتۇق بولىدۇ. ئاللاھنىڭ تارازىسىدىمۇ بىر-بىرىدىن ئارتۇق كېلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئالدىدا بىراۋنىڭ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز شاپائەت قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇنداق ھەقىقەت ئاستىدا پەيغەمبەرلەر ھەقنى يەتكۈزگەندىن كېيىن ئىلاھلىق بىلەن بەندىلىكنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن كىشىلەر ماھىيەتتە بەندىنى پەرۋەردىگار، پەرۋەردىگارنى بەندىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ پەرۋەردىگارنىڭ غەيرىدىن شاپائەت تىلەپ پەرۋەردىگارغا شېرىك كەلتۈرۈپ تەۋھىد ئەقىدىسىنى بۇزغان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە پەرۋەردىگار پەرۋەردىگار بولۇشى، بەندە بەندە بولۇشى لازىم ئىدى.

شاپائەت مەسىلىسى ئىسلام ئەقىدىۋى مەسىلىلىرى ئىچىدىكى مۇھىم، نازۇك مەسىلىلەرنىڭ بىرى. چۈنكى، بۇ مەسىلىدە بىر تۈركۈم كىشىلەر چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن، بىر قىسىم كىشىلەر سەل قارىغان، بىر بۆلۈك كىشىلەر نورمال يول تۇتقان. چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر تۆۋەندىكى ئايەتتە كۆرسىتىلگەندەك، ئۆلۈكلەردىن، مازارلاردىن، بۇتلاردىن، دەرەخلەردىن، تاشلاردىن مەدەت تىلىشىپ، شېرىك ئەقىدىسىگە كىرىپ كەتكەن: ﴿وَيَعْبُدُوْنَ مِن دُوْنِ اللهِ مَا لاَ يَضُرُّهُمْ وَلاَ يَنْفَعُهُمْ وَيَقُوْلُوْنَ هَـٰؤُلَآءِ شُفَعَـٰٓؤُنَا عِنْدَ اللهِ قُلْ أَتُنَبِّئُوْنَ اللهَ بِمَا لاَ يَعْلَمُ فِي السَّمَـٰوٰتِ وَلاَ فِيْ الْأَرْضِ سُبْحَـٰنَهُ وَتَعَـٰلَىٰ عَمَّا يُشْرِكُوْنَ﴾ ﴿ئۇلار

ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، «بۇ(بۇت) لار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار» دېيىشىدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى) «ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا بۇنداق نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئاللاھ بىلمەي قاپتۇ دەپ، سىلەر بۇنى ئاللاھقا ئېيتىپ بەرمەكچىمۇ؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر﴾ (سۈرە يۇنۇس 18 ـ ئايەت)؛ سەل قارىغۇچىلار گۇناھىي كەبىر قىلغۇچىلارغا قىلىنىدىغان شاپائەتنى ئىنكار قىلىپ، ﴿قُلْ يَٰعِبَادِىَ الَّذِيْنَ أَسْرَفُوْا عَلَىٰٓ أَنْفُسِهِمْ لاَ تَقْنَطُوْا مِنْ رَّحْمَةِ اللّٰهِ إِنَّ اللّٰهَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ جَمِيْعًا إِنَّهُ هُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيْمُ﴾ ﴿ئى مۇھەممەد! مېنىڭ سۆزۈم سۈپىتىدە) ئېيتقىنكى، «ئى ئۆزىگە گۇناھلارنى ھەددىدىن ئارتۇق يۈكلىۋالغان بەندىلىرىم! سىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە گۇناھلارنى (يەنى تەۋبە قىلغانلارنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ (سۈرە زۇمەر53 ـ ئايەت) دېگەنگە ئوخشاش بۇ ھەقتە كەلگەن كىتاب ـ سۈننەتنىڭ ئېنىق نەسلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ ئېزىپ كەتكەن؛ نورمال يول تۇتقانلار يەنى ئەھلى سۈننىي ۋەلجامائەلەر شاپائەتنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بايان قىلغان رەۋىشتە ئىسپاتلاپ ئۇنىڭغا شەكسىز ئىشەنگەن. بۇلار ﴿وَكَذَٰلِكَ جَعَلْنَٰكُمْ أُمَّةً وَسَطًا...﴾ ﴿...بىز سىلەرنى ياخشى① ئۈممەت قىلدۇق﴾ (سۈرە بەقەرە 143 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتتە ماختالغان.

«شاپائەت» نىڭ سۆز مەنىسى جۈپ، جۈپلىمەك، دېگەن بولىدۇ. ئاتالغۇ مەنىسى ھاجەتلەرنى راۋا قىلىشقا ۋاسىتە بولماق، يەنى ھاجەتمەن بىلەن ھاجەت راۋا قىلغۇچى ئوتتۇرىسىدا ۋاسىتىچىلىك قىلماق، دېگەن بولىدۇ. شاپائەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى شاپائەت؛ يەنە بىرى، كىشىلەر ئارىسىدىكى شاپائەت. كىشىلەر ئارىسىدىكى شاپائەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، ياخشى شاپائەت؛ يەنە بىرى، يامان شاپائەت. ياخشى شاپائەت پايدىلىق، ياخشى ئىشلارغا ياردەم قىلىش بولۇپ بىراۋنىڭ ھاجەتمەن بىلەن ھاجەت راۋا قىلغۇچى ئوتتۇرىسىدا ۋاسىتە بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. يامان شاپائەت بولسا، يامان ئىشلارغا ياردەم قىلىش بولۇپ بىراۋنىڭ ھاجەتمەن بىلەن ھاجەت راۋا قىلغۇچى ئوتتۇرىسىدا يامان ئىش بىلەن ۋاسىتىچىلىك قىلىشنى يەنى يامان ئىشقا ياردەم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ﴿مَّنْ يَشْفَعْ شَفَٰعَةً حَسَنَةً

---

① «ياخشى» دېگەن بۇ سۆز ئەرەبچىدىكى «ۋەسەت» (وسط) دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسىدۇر، ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىسى: «ئوتتۇراھال، مۆتىدىل، نورمال» دېگەن بولىدۇ. مەسلەك ۋە ئەقىدە جەھەتتىكى ئوتتۇراھاللىق ۋە مۆتىدىللىك ياخشىلىقنىڭ بەلگىسىدۇر ـ ئا .

يَكُنْ لَّهُ نَصِيبٌ مِنْهَا وَمَنْ يَشْفَعْ شَفَاعَةً سَيِّئَةً يَكُنْ لَّهُ كِفْلٌ مِنْهَا وَكَانَ اللّٰهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ مُّقِيتًا﴾
تەرجىمىسى ﴿كىمكى ياخشى ئىش ئۇچۇن ھەمدەم بولسا، ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ نېسىۋىسى بولىدۇ؛ كىمكى يامان ئىش ئۇچۈن ھەمدەم بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ ئۇنىڭ نېسىۋىسى بولىدۇ. ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر﴾ (سۈرە نىسا 85 ـ ئايەت).

ئەمما ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى شاپائەت بۇ خىل شاپائەتكە ئوخشىمايدۇ. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى شاپائەت ـ قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىكرام قىلغان بىر قىسىم بەندىلىرىنىڭ گۇناھى كەبىر (چوڭ گۇناھ) سەۋەبلىك ئازابقا تېگىشلىك بولغان مۇئمىنلەرنىڭ بىرەرسىگە دۇئا قىلىشى ئارقىلىق ئۇنى ئازابتىن خالاس قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، لېكىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شاپائەت تۆۋەندىكىدەك ئىككى شەرت بىلەن بولىدۇ: بىرى، شاپائەت ئاللاھنىڭ رۇخستى بىلەن بولىدۇ(ھېچكىم ئاللاھنىڭ رۇخستىسىز شاپائەت قىلالمايدۇ. ئەمما بەندىلەر ئېچىدىكى شاپائەتتە ئاللاھنىڭ رۇخستى شەرت ئەمەس. مەيلى ياخشى شاپائەت بولسۇن، مەيلى يامان شاپائەت بولسۇن بۇ دۇنيادا قىلسا بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيا سىناقنىڭ ئالىمى)؛ يەنە بىرى، شاپائەت قىلىنغۇچى شاپائەتكە لايىق كىشىلەردىن بولۇشى لازىم. يەنى ئەھلى ئىمان بولغان بولۇشى لازىم.

﴿ لاَ يَشْفَعُوْنَ إِلَّا لِمَنِ ارْتَضَىٰ ﴾ ﴿ئۇلار ئاللاھ رازى بولغان كىشىلەرگىلا شاپائەت قىلىدۇ﴾ (سۈرە ئەنبىيا 28 ـ ئايەت). ھەقىقەتەن ئاللاھ مۇئمىنلەرگىلا رازى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس شاپائەتلەر: بىرىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەت مەيدانىدا مەھشەر ئەھلىگە قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى يەڭگىللىتىشكە قىلىدىغان شاپائىتى. ئىككىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەت ئەھلىنى جەننەتكە كىرىشكە شاپائەت قىلىشى. ئۈچىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئەسلىدىكى مەرتىۋىسىدىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن قىلىدىغان شاپائىتى. تۆتىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھى كەبىر قىلغۇچىلارنى دوزاخقا كىرمەسلىككە شاپائەت قىلىشى، دوزاخقا كىرگەنلەرنى چىقىرىشقا قىلىدىغان شاپائىتى. بۇ خىل شاپائەتتە باشقا مۇئمىنلەرمۇ ئورتاق بولىدۇ. يەنى بەزى مۇئمىنلەر بەزى مۇئمىنلەرگە شاپائەت قىلىدۇ. بەشىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىپقا قىلىدىغان شاپائىتى. بۇ ئەبۇ تالىبنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇشرىكلەرنىڭ ئەزىيىتىدىن قوغدىغانلىقىدىن بولغان. ئادەتتە ئەھلى كۇفرىغا شاپائەت ھالال ئەمەس ئىدى. ئەمما بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس ئەھۋالدۇر. گۇناھى كەبىر قىلغۇچىلارغا قىلىنىدىغان شاپائەت ئورتاق شاپائەت بولۇپ پەرىشتىلەرمۇ، پەيغەمبەرلەرمۇ، ئەۋلىيالارمۇ،

ياخشىلارمۇ شاپائەت قىلىدۇ. ھەتتا بوۋاقلارمۇ ئاتا-ئانىسىغا شاپائەت قىلىدۇ.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى شاپائەت پەقەت ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بىلەن بولىدۇ. بۇ شاپائەت ئاخىرەتتە بولىدۇ. كىمنىڭ شاپائەت قىلىشقا لايىق بولىدىغانلىقىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. ئەمما پەرىشتىلەر ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ شاپائەت قىلىدىغانلىقى ئېنىق . كىمكى مۇشۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ مەلۇم شەخسلەرگە شاپائەت قىلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرسە، ئۇ ئىسلام ئەقىدىسىدىن چىققان بولىدۇ. چۈنكى، شاپائەت قىلىشنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىك ــ ئۆزىنى جەننەتىي، دەپ ھۆكۈم قىلغانلىقتۇر. ئاللاھ جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەرگەن كىشىلەردىن باشقا كىشىلەرنىڭ جەننەتىيلىكىگە ياكى دوزىخىيلىقىغا ھۆكۈم قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

ئىسلام دىنىدا بەندە ئۆزى بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدا ياخشى ئەمەلدىن باشقا ھېچقانداق شەخس ياكى ھېچقانداق شەيئىنى ۋاستە قىلىدىغان ئىش يوق. ئاللاھ تائالا: ﴿أُعْبُدُوا اللهَ وَاجْتَنِبُوا الطَّـٰغُوتَ﴾ ﴿ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار﴾ (سۈرە نەھل36 ئايەت) دېگەندەك ئۆزى ئاللاھ تائالاغا ياخشى ئەمەللىرى بىلەن بىۋاستە ئىبادەت قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن ﴿وَيَعْبُدُونَ مِنْ دُوْنِ اللهِ مَا لاَ يَضُرُّهُمْ وَلاَ يَنْفَعُهُمْ وَيَقُولُونَ هَـٰؤُلَآءِ شُفَعَـٰؤُنَا عِنْدَ اللهِ قُلْ أَتُنَبِّئُونَ اللهَ بِمَا لاَ يَعْلَمُ فِي السَّمَـٰوٰتِ وَلاَ فِي الْأَرْضِ سُبْحَـٰنَهُ وَتَعَـٰلَىٰ عَمَّا يُشْرِكُوْنَ﴾ ﴿ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىگە پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، «بۇ(بۇت) لار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار» دېيىشىدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى) «ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا بۇنداق نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئاللاھ بىلمەي قاپتۇ دەپ، سىلەر بۇنى ئاللاھقا ئېيتىپ بەرمەكچىمۇ؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە يۇكسەكتۇر﴾ (سۈرە يۇنۇس 18-ئايەت) دېگەندەك ئاللاھ ئوتتۇرىسىدا ۋاستە قىلىنغان شەخس ياكى شەيئى بۇت قاتارىدا ھۆكۈم قىلىنىدۇ . دېمەك، شاپائەتنى ئاللاھتىنلا تىلەش يەنى قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، مۇئمىنلەرنىڭ شاپائەت قىلىشىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھتىنلا تىلەش كېرەك.

**﴿ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ ﴾ ﴿ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ۋە كەينىدىكى (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ ﴾ نىڭ تەپسىرى**

بۇ جۈملىمۇ ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ ئاللاھنىڭ كائىناتتا

ئەكس ئەتكەن كامالى قۇدرىتىنى، ھەممە شەيئىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كامالىي ئىلمىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە تەكىتلەيدۇ. ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى، دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى، ئۆتمۈش ـ كەلگۈسىدىكى ئىشلىرىنى بىلىدىغانلىقى ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ كامالى ئىلىم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ بەندىلەرنىڭ ئىلمىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بەندىنىڭ ئىلمى زامان ـ ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، ئاللاھنىڭ ئۇنداق ئەمەس.

ئاللاھنىڭ ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسىنى بىلىشىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەت بەندىگە ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ ناھايىتى چەكسىزلىكىنى، ئىنسان ئىلمىنىڭ ناھايىتى چەكلىك ئىكەنلىكىنى تونۇشقا شۇنداقلا بەندىنىڭ ئۆز ئىلاھىنى تونۇشقا ۋە ئۆز ئىلاھى ئالدىدىكى ئورنىنى تونۇشقا تۈرتكە بولىدۇ؛ ئىنسان ۋۇجۇدىدا بىر خىل تەۋرىنىش ۋە ئويغىنىش ھاسىل قىلىپ ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگار ئالدىدا ھېچنېمىنى يوشۇرالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇنى ئاللاھقا سەممىي قۇلچىلىق قىلىشقا، ئۆزىنىڭ باشقا ئىنسانلار بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى تونۇشقا يۈزلەندۈرىدۇ ۋە ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ئەمەلىي ياخشىلىقلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

**﴿وَلاَ يُحِيْطُوْنَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَاءَ﴾ «ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن ئاللاھ بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ» نىڭ تەپسىرى**

بۇ جۈملىمۇ ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى جۈملىسىدىن بولۇپ يۇقىرىدىكى جۈملىنى مەنە جەھەتتىن تەكىتلەپ ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ كامىللىقىنى، ئاللاھتىن باشقىنىڭ ئىلمىنىڭ ناقىسلىقىنى يەنى مەخلۇقلارنىڭ خالىقنىڭ مەلۇماتىدىن خالىق خالىغىنىدىن باشقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ مەلۇماتىنىڭ چەكسىزلىكىنى، بەندىنىڭ مەلۇماتىنىڭ چەكلىكلىكىنى، چەكلىك ئىلىم ئىقتىدارى بىلەن چەكسىز ئىلىمنى بىلگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇنىڭغا «جَامِعُ لِأَحْكَامِ القُرْآنِ» ناملىق تەپسىرنىڭ مۇئەللىپى شەمسىددىن قۇرتۇبى مۇنداق مىسال كەلتۈرىدۇ: بۇ خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىر قۇشقاچ دېڭىزدىن سۇ ئىچىۋاتقاندا : «مېنىڭ ئىلمىم بىلەن سېنىڭ ئىلمىڭ ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن پەقەت مۇشۇ قۇشقاچ مۇشۇ دېڭىزدىن كېمەيتكەندەك كېمەيتتى» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) دېگىنىگە ئوخشايدۇ.

﴿وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ﴾ ﴿ئاللاھنىڭ كۇرسىسى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە سىغدۇرىدۇ﴾ نىڭ تەپسىرى

بۇ جۈملە يۇقىرىقى جۈملىنىڭ مەنىسىنى تەكىتلەپ، بىرىنچىدىن ئاللاھنىڭ كۇرسىنىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى؛ ئىككىنچىدىن، ئاللاھنىڭ مەلۇماتىنىڭ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ بارلىق مەلۇماتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

بىرىنچى مەنە بويىچە ئېيتقاندا، « الْكُرْسِيّ » ئاللاھ تائالانىڭ ناھايىتى كاتتا مەخلۇقى بولۇپ ئۇ ئەرشنىڭ ئالدىدىكى، ئەرشتىن كىچىكرەك نەرسىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىر ھەدىسى بار: [عَنْ أَبِي إِدْرِيْسِ الْخَوْلاَنِي، عَنْ أَبِي ذَرٍّ قَالَ « قُلْتُ : يَا رَسُولَ اللهِ، فَأَيُّ مَا أَنْزَلَ اللهُ عَلَيْكَ أَعْظَمُ ؟» ، قَالَ : «آيَةُ الْكُرْسِيِّ» ثُمَّ ، قَالَ «يَا أَبَا ذَرٍّ ، مَا السَّمَاوَاتُ السَّبْعُ مَعَ الْكُرْسِيِّ إِلَّا كَحَلْقَةٍ مُلْقَاةٍ بِأَرْضٍ فَلَاةٍ وَفَضْلُ الْعَرْشِ عَلَى الْكُرْسِيِّ كَفَضْلِ الْفَلَاةِ عَلَى الْحَلْقَةِ»] (صَحِيحُ اِبْنِ حِبَّانَ)

تەرجىمىسى : ئەبۇ ئىدرىس خەۋلانى ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن :«ئى رەسۇلۇللاھ ! ئاللاھ ساڭا قايسى نەرسىنى ئەڭ كاتتا قىلىپ نازىل قىلدى؟» دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئايەتۇل ـ كۇرسى» دەپ، ئاندىن مۇنداق دېدى : «ئى ئەبۇزەر! يەتتە قەۋەت ئاسمان كۇرسىغا نىسبەتەن پەقەت باياۋانغا تاشلىۋېتىلگەن ھالقىغا ئوخشايدۇ. ئەرشنىڭ كۇرسىدىن ئارتۇقلۇقى باياۋاننىڭ ھالقىدىن ئارتۇقلىقىغا ئوخشايدۇ»

ئىككىنچى مەنا بويىچە ئېيتقاندا، «الْكُرْسِيّ» ئاللانىڭ ئىلمىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. «سەھىھۇل بۇخارى» دا ئىبنى جۇبەيرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ «كۇرسي» ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكى زىكرى قىلىنىدۇ: «كُرْسِيُّهُ عِلْمُهُ» «ئۇنىڭ كۇرسى ئۇنىڭ ئىلمىدۇر». دېمەك، ئاللاھنىڭ ئىلمى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يەنى ئۇلاردىكى مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

﴿وَلاَ يَؤُوْدُهُ حِفْظُهُمَا﴾ ﴿ئاسمان ـ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ﴾ نىڭ تەپسىرى

بۇ جۈملە يۇقىرىقى جۈملىنىڭ تولۇقلىمىسى بولۇپ ئۇنى مەنە جەھەتتىن كۈچەيتىدۇ. كىشىنى «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ساقلاش ئاللاھقا ئېغىر كەلمەمدىغاندۇ؟ چۈنكى، ئاسمانلار ۋە زېمىن غايەت زور مەخلۇقات تۇرسا!» دېگەن خاتا تۇيغۇدىن قايتۇرىدۇ. «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ساقلاش» دېگەننى «كۇرسىنى ساقلاش» دەپ ئېلىشقىمۇ بولىدۇ.

**﴿وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ﴾ ﴿ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر﴾ نىڭ تەپسىرى**

بۇ جۈملە ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن ئىككى سۈپەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، يۇقىرىقى ئايەتنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە بىر پۈتۈن ئايەت (ئايەتۇلكۇرسى) نى خۇلاسە قىلىدۇ. يەنى ئاللاھ يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ھەممىدىن ئۇلۇغ زات بولغاچقا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ساقلاش ئېغىر كەلمەيدۇ. ئاللاھ يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ھەممىدىن ئۇلۇغ بولغاچقا ئۇ ھەممىنى بىلىدۇ، شاپائەتنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولىدۇ، ئۇ خالىغان، رازى بولغان ئادەم شاپائەت قىلىدۇ ۋە شاپائەت قىلىنىدۇ. ھەممە مەۋجۇدات ئۇنىڭ مۈلكى بولىدۇ، ئۇنىڭغا مۇگدەش، ئۇخلاش مۇناسىپ ئەمەس. ئاللاھنىڭ «أَلْعَلِيُّ» (يۇقۇرى مەرتىۋىلىك) دېگەن سۈپىتى «ھۇلۇلىييەت»[1] ۋە «تەئتىل»[2] ئەقىدىلىرىگە رەددىيە بولۇپ ، ھۇلۇلىييەتچىلەر : «ئاللاھ يۇقۇرىدا، ئۈستۈندە ئەمەس، بەلكى ھەممە يەردە، ھەممە شەيئىدە» دەپ قارايدۇ؛ تەئتىلچىلەر : « ئاللاھ يۇقۇرىلىق، . . . بىلەن سۈپەتلەنمەيدۇ (يەنى ئاللاھنىڭ بۇنداق سۈپىتى يوق)» دەپ قارايدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۈپىتى كىشىنى باشقىلارغا چوڭچىلىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئادەم ئۆزىنى بەك يۇقىرى ، ھېس قىلسا ئاللاھنىڭ «الْعَلِيُّ» (يۇقىرى مەرتىۋىلىك) دېگەن بۇ سۈپىتىنى ئەسكە ئېلىشى كېرەك. ئادەم ئۆزىنى بەك ئۇلۇغ ھېس قىلسا ئاللاھنىڭ «الْعَظِيمُ» (ھەممىدىن ئۇلۇغ) دېگەن سۈپىتىنى ئۇلۇغلىقىنى ئەسكە ئېلىشى كېرەك.

**«ئايەتۇلكۇرسى» دىن چىقىرىلغان ئەقىدىۋى مەسىلىلەر ۋە ھۆكۈملەر**

﴿لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ﴾ ﴿ بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر﴾ دېگەن كەلىمىنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلەر چاقىرىق قىلغان شۇنداقلا ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ يىلتىزى بولغان ئىمان كەلىمىسى ئىكەنلىكى ؛

ئىمان كەلىمىسىگە مۇخالىپ ھالدا، ئاللاھقا قوشۇپ بىر ياكى نۇرغۇن ئىلاھلارنى تىكلەشنىڭ شېرىك ئىكەنلىكى ؛

﴿أَلْحَيُّ﴾ ﴿ھەمىشە تىرىك﴾ دېگەن سۈپەتنىڭ ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم-

---

[1] «ھۇلۇلىييەت» ـ ئاللاھ ھەممە يەردە، ھەممە شەيئىدە، ئاللاھنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مەۋجۇدىيەت ئاخىرىدا بىر گەۋدە بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايدىغان ئەقىدىۋى ئېقىم.

[2] «تەئتىل» ـ ئاللاھنىڭ بىر ياكى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ سۈپەتلىرىنى بىكار قىلىدىغان يەنى ئىنكار قىلىدىغان بىر خىل ئەقىدىۋي ئېقىم ـ ئا.

سۈپەتلىرىدىن ئىكەنلىكى؛
﴿الْقَيُّومُ﴾ ﴿ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى﴾ دېگەن سۈپەتنىڭ ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدىن ئىكەنلىكى؛
﴿الْحَيُّ الْقَيُّومُ﴾ ﴿ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ دېگەن ئىككى سۈپەتنىڭ ئىسمى ئەزەم (ئاللاھنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىسمى) ئىكەنلىكى؛
مۈگدەش ۋە ئۇخلاشنىڭ ئاللاھنىڭ كامالىي سۈپەتلىرىگە زىت بولۇپ مەخلۇقلارغا خاس بولغان نۇقسانىي سۈپەتلەر بىلەن ئاللاھنىڭ سۈپەتلەنمەيدىغانلىقى؛
ئاللاھنىڭ مۈلكىنىڭ ئومۇمىيلىقى يەنى ھەممە نەرسىنىڭ ئاللاھنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكى. ئىنساننىڭ مۈلكىنىڭ ئاللاھنىڭ ئامانىتى ئىكەنلىكى، ئامانەتنىڭ ھامان ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدىغانلىقى؛
ھەممە نەرسە ئاللاھقا مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ مۈلكىدە ئاللاھنىڭ ھۆكمى بويىچە تەسەررۇپ قىلىشنىڭ لازىملىقى؛
ئېلىشمۇ ئاللاھنىڭ، بېرىشمۇ ئاللاھنىڭ ئىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇسىبەتلەرگە نىسبەتەن تەسەللى ئىزدەش، «قازاغا رىزا» پوزىتسىيەسىدە بولۇشنىڭ لازىملىقى؛
ئۆز ھەرىكىتى سەۋەبلىك ئېرىشكەنلىرىگە مەغرۇرلىنىپ كەتمەسلىكى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئېرىشكىنىمۇ ماھىيەتتە ئاللاھنىڭ ئىكەنلىكى ؛
شاپائەتنىڭ ھەق ئىكەنلىكى، لېكىن قىيامەتتىكى شاپائەت ئاللاھنىڭ رۇخستى بىلەن بولىدىغانلىقى، ھېچكىمنىڭ ئۆز ئالدىغا شاپائەت قىلالمايدىغانلىقى.
قىيامەتتىكى شاپائەتنىڭ ئاللاھنىڭ رۇخستى ۋە ئاللاھنىڭ شاپائەت قىلغۇچى ۋە قىلىنغۇچىدىن رازى بولۇشىدىن ئىبارەت ئىككى شەرت بىلەن بولىدىغانلىقى؛
ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ زامان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغانلىقى يەنى ئۆتمۈشنى ھازىرنى، كەلگۈسىنى بىلىدىغانلىقى؛
ھەرقانداق كىشىنىڭ باشقىلارنى «مەن ساڭا قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىمەن» دېيىشىنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىگە زىت ئىكەنلىكى؛
ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن ئاللاھ بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيدىغانلىقى؛
«الْكُرْسِيِّ» نىڭ ئاللاھنىڭ ناھايىتى كاتتا مەخلۇقى ئىكەنلىكى ياكى ئاللاھنىڭ ئىلمى ئىكەنلىكى؛
ئاسمانلارنى ـ زېمىننى ساقلاش ئاللاھقا ئېغىر كەلمەيدىغانلىقى يەنى ئاللاھنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ كاتتىلىقى.
18. ئاللاھنىڭ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي يۇقىرى مەرتىۋىلىك ۋە ھەممىدىن ئۇلۇغ ئىكەنلىكى؛

## توگەنچە

﴿فَاعْلَمْ أَنَّهُ لآ إِلٰـهَ إِلَّا اللهُ ﴾ ﴿بىلگىنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر﴾ (سۈرە مۇھەممەد 19 ـ ئايەت) دېگەن ئىلاھىي ئەمرىگە ئاۋاز قوشۇپ، مەۋجۇدىيەتتىكى ئەڭ بۈيۈك ھەقىقەتنى ئىزدەشنى؛ ئاشۇ ھەقىقەتنىڭ مەزمۇنى بولغان گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلەرنى تونۇشنى؛ پەرۋەردىگارلىق ماقام بىلەن بەندىلىك ماقام ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىلىشنى خالىغان ئادەم «ئايەتۇلكۇرسىي» نى يۇقىرىقى تەپسىرلەر ۋە چۈشەنچىلەر ئاساسىدا چىن ئىخلاسى بىلەن ئوقۇسا، بۇ ئايەتنىڭ ھەقىقەتەنمۇ قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ خاسىيەتلىك ئايەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئىمان كەلىمىسى ـ ﴿لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ﴾ ﴿بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر﴾ نىڭ ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ يىلتىزى ئىكەنلىكىنى، بۇ كەلىمىنىڭ ئاللاھنىڭ بىردىنبىر ئىلاھ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنىڭ ھەممىدىن بۈيۈك، ھەممىدىن ئۈستۈن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. مۇشۇنداق تونۇش بىلەن ئۆزىنى پۈتۈن مەۋجۇدات قاتارىدا ئاللاھنىڭ مۈلكى، يەنى بەندىسى، دەپ بىلىپ ئاللاھنىڭ مۈلكىدە خالىغانچە تەسەررۇپ قىلماي ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى يەنى شەرىئىتى بويىچە ئىش كۆرۈشكە بەل باغلايدۇ. شاپائەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىپ ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ بەندىلىك ئورنىنى تونۇپ ھەددىدىن ئاشمايدۇ ھەمدە بەندىلەر ئارىسىدا ئۆزىنى باشقىلار بىلەن باراۋەر ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنى «ئايەتۇلكۇرسىي» شۇنداقلا قۇرئان كەرىم ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەقىدىلەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ شېرىك، خۇراپىي، ئەبجەش قاراشلارغا قەتئىي رەددىيە بېرەلەيدىغان ھالەتكە كېلىدۇ. بۇنداق ئەقىدىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ تەۋھىد ھەقىقىتىنى تونۇغان، ئىمان لەززىتىنى تېتىغان ئادەمنىڭ يېنىدىن شەيتاننىڭ يىراقلاپ كېتىدىغانلىقىنى ئەمەلىي ھېس قىلىدۇ.

---

مەزكۇر ماقالە جوڭگو مۇسۇلمانلىرى ژورنىلىدىن ئېلىندى

5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى (جۈمە)

# پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى

أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ بِسْمِ اللهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيْمِ

الْحَمْدُ لِلهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ عَلَى جَزِيْلِ نِعَمِهِ وَوَاسِعِ فَضْلِهِ، أَمَرَ وَأَوْجَبَ عَلَى الْآبَاءِ تَرْبِيَّةَ أَوْلَادِهِمْ عَلَى الْخَيْرِ وَالْفَضِيْلَةِ، وَأَوْجَبَ عَلَى الْأَوْلَادِ طَاعَةَ أَبَائِهِمْ فِي الْمَعْرُوفِ وَبِرِّهِمْ وَالْإِحْسَانِ إِلَيْهِمْ فِي تِلْكَ التَّرْبِيَّةِ الْحَمِيدَةِ وَقُل رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا وَأَشْهَدُ أَن لآَّإِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يَقُولُونَ عُلُوًّا كَبِيرًا وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ أَرْسَلَ بَيْنَ يَدَيِ السَّاعَةِ بَشِيرًا وَنَذِيرًا وَدَاعِيًا إِلَى اللهِ بِإِذْنِهِ وَسِرَاجًا مُّنِيرًا صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وعَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ وَسَلَّمَ تَسْلِيمًا كَثِيرًا. أَمَّا بَعْدُ:

ھۆرمەتلىك جامائەت! ئىسلام دىنىمىز ھەر بىر كىشىگە ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە ئائىلىدىكى ئورنىغا قاراپ، مۇناسىپ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆزى ،ئائىلىسى، مىللىتى، ۋەتىنى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەت ئالدىدا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتلىرى بار. مانا بۇ مەجبۇرىيەتلەر ئىچىدە، بەندىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە دىنى ئالدىدا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مۆمىن ـ مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ بىر قاتار، چوڭ ـ كىچىك مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىشى تەقۋالىق ھېسابلىنىدۇ، ئىبادەت سانىلىدۇ. بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن مەلۇمكى، بەندە ئۆز ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەت ۋە ھەقلەرنى ئادا قىلغانلىق ياكى قىلمىغانلىق ئۈستىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىدۇ.

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿كُلُّ امْرِئٍ بِمَا كَسَبَ رَهِينٌ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر﴾ (سۈرە تۇر 21 ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر بىر كىشىنىڭ مۇئەييەن مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن :

[عَنِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُمَا قَالَ قَال النَّبِيُّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «كُلُّكُمْ رَاعٍ وَكُلُّكُمْ مَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ فَالإِمَامُ رَاعٍ وَمَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ، وَالرَّجُلُ رَاعٍ فِي أَهْلِهِ وَمَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ، وَالْمَرْأَةُ فِي بَيْتِ زَوْجِهَا رَاعِيَةٌ وَمَسْئُولَةٌ عَنْ رَعِيَّتِهَا، وَالْخَادِمُ فِي مَالِ سَيِّدِهِ رَاعٍ وَهو مَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ»] (رَوَاهُ الْبُخَارِى)

«سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار مەسئۇلىيەت ئىگىسى، سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىسىگە مەسئۇلدۇر؛ ئىمامىمۇ مەسئۇلىيەت ئىگىسى، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىگە مەسئۇلدۇر؛ ئەر كىشىمۇ مەسئۇلىيەت ئىگىسى بولۇپ، ئۆز ئائىلىسىگە مەسئۇلدۇر؛ خوتۇن كىشىمۇ ئېرىنىڭ ئۆيىگە نىسبەتەن مەسئۇلىيەت ئىگىسى بولۇپ، ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىسىگە مەسئۇلدۇر؛ خىزمەتچى خادىممۇ خوجايىنىنىڭ مېلىغا نىسبەتەن مەسئۇلىيەت ئىگىسى، ئۇمۇ ھەم ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىسىگە مەسئۇلدۇر»

مانا بۇ ھەدىستە، خۇددى پادىچى ئۆز پادىسىغا مەسئۇل بولغاندەك، قىيامەتتە، ئەر-ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆز ئائىلىسى ۋە بالىچاقىلىرى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرى ھەققىدە سوئال-سوراق قىلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىلارغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان ئامانەتتۇر. ئاتا-ئانىلار قىيامەت كۈنى، ئاللاھنىڭ ئالدىدا بۇ ئامانەتلەر ھەققىدە جاۋابكار بولىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۆمىنلەرنى بۇ جاۋابكارلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن :

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوا قُوْا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيْكُمْ نَارًا وَقُوْدُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ لَا يَعْصُوْنَ اللّٰهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُوْنَ مَا يُؤْمَرُوْنَ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالىچاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاش يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ﴾ (سۈرە تەھرىم 6-ئايەت).

ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆزلىرىنى ۋە بالىچاقىلىرىنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلاپ قېلىشىنىڭ بىردىنبىر چارىسى، پەرزەنتلەرنىڭ ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشتۇر. چۈنكى، پەرزەنتلەرنىڭ ئۈستىدە ئاتا-ئانىلارنىڭ نۇرغۇن ھەقلىرى بولغىنىدەك،ئاتا-ئانىنىڭمۇ پەرزەنتلىرى ئالدىدا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن

مەجبۇرىيەتلىرى بار. ئۆز مەجبۇرىيەتلىرنى ئادا قىلماستىن ھەققىنى تەلەپ قىلىش، دىنغىمۇ، ئەقىلغىمۇ، ئەخلاققىمۇ قىلچە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا، پەرزەنتلىرىدىن ۋاپا ۋە ياخشىلىق ئۈمىد قىلىدىغان ھەر قانداق ئاتا ـ ئانا ئالدى بىلەن پەرزەنتلىرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك.

بىر ئادەم خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئوغلىنىڭ ئۆزىنى قاتتىق رەنجىتكەنلىگى ھەققىدە شىكايەت قىلغاندا. خەلىپە ئۆمەر بۇ ئادەمنىڭ ئوغلىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا تەنبىھ بەرگەن، بۇ چاغدا بۇ بالا خەلىپە ئۆمەردىن: ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ! بالىنىڭ ئۆز دادىسى ئۈستىدە ھەققى بارمۇ؟ دەپ سورىغان. خەلىپە ئۆمەر: ئەلۋەتتە بار.

ـ بالىنىڭ ئاتىسى ئۈستىدە قانداق ھەقلىرى بار؟

ـ بالىنىڭ ئۆز دادىسىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرى بولسا، بالىنىڭ ئانىسىنى ياخشى تاللاش، بالىغا چىرايلىق ئىسىم قويۇش ۋە بالىسىغا ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

ـ ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ! دادام بۇ ھەقلەرنىڭ بىرەرسىنىمۇ ئادا قىلغىنى يوق، مەن بىر مەجۇسىي قارا دېدەكتىن تۇغۇلدۇم، دادام مېنىڭ ئىسمىمنى «قوڭغۇز» دەپ قويدى، ماڭا كىتابتىن بىر ھەرپنىمۇ ئۆگەتكىنى يوق.

بۇلارنى ئاڭلىغان خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بالىنىڭ دادىسىغا: «سەن ئوغلۇڭدىن شىكايەت قىلغانىدىڭ، ئەمەلىيەتتە ئوغلۇڭ سېنى رەنجىتىشتىن ئىلگىرى، سەن ئوغلۇڭنى رەنجىتكەن ئىكەنسەن، ئوغلۇڭ ساڭا يامانلىق قىلىشتىن ئىلگىرى سەن ئوغلۇڭغا يامانلىق قىلىپسەن» دېگەن.

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دېگەن : قىيامەت كۈنى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا بالىدىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان ـ قىلمىغانلىقى ھەققىدە سوراشتىن بۇرۇن،ئاتا ـ ئانىدىن بالىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان ـ قىلمىغانلىقى ھەققىدە سورايدۇ.

ئۇنداقتا، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى قايسىلار؟ تۆۋەندە بىز ئاتا ـ ئانىلارنىڭ «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەردە كۆرسىتىلگەن، ئۆز پەرزەنتلىرىگە قارىتا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئاساسلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

**1. بالىلارغا ئاتا ـ ئانا بولىدىغانلارنىڭ ياخشى تاللىنىشى**

پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇستىدىكى ھەققى، ئەر ـ ئايال توي قىلىشنى نىيەت قىلغان ۋاقىتتىن باشلاپلا، ئىككىلا تەرەپكە يۈكلىنىدۇ. يەنى ئاتا بولغۇچى، كەلگۈسى پەرزەنتلىرىنىڭ ئەخلاقلىق، ئالىيجاناب ، ئەل ئىشىغا يارىملىق، ئىبىل ـ پەزىلەتلىك بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن، كەلگۈسىدە پەرزەنتلىرىنىڭ ئانىسى بولىدىغان ئايالنى، دىيانەت ۋە ئەخلاقنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلغان ھالدا ياخشى تاللىشى زۆرۈر، شۇنداقلا ئانا بولغۇچىمۇ كېلەچەكتە بالىلىرىنىڭ ئاتىسى بولىدىغان ئەرنى دىيانەت بىلەن ئەخلاقنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا ياخشى تاللىشى زۆرۈر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق تەلىم بەرگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُ عَنِ النبيِّ صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: « تُنْكَحُ الْمَرْأَةُ لأَرْبَعٍ: لِمَالِهَا ولِحَسَبِهَا ولِجَمَالِهَا وَلِدِينِهَا: فَاظْفَرْ بِذَاتِ الدِّيْنِ تَرِبَتْ يَدَاكَ»] (رَوَاهُ البُخَارِى)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىر ئايال بىلەن ئۆيلىنىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ پۇل ـ مېلى، جەمەت ـ نەسەبى، ھۆسن ـ جامالى، ۋە دىن ـ دىيانىتى قاتارلىق تۆت نەرسىگە قارىلىدۇ. سەن دىيانەتلىك خوتۇن ئالغىنكى، بەختلىك بولىسەن» (بۇخارى).

ھەممىگە مەلۇمكى، تېگى پاك، دىيانەتلىك ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئانىلاردىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيەنى ۋە ياخشىلىقنى قوبۇل قىلىشى ئاسان بولىدۇ. ياخشى بىر ئايال ئىسلامىي بىر ئائىلىنى بەرپا قىلىشتا، دىنغا، جەمئىيەتكە ۋە مىللەتكە پايدىلىق سالىھ پەرزەنتلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتا ئەرلەردىنمۇ بەكرەك مۇھىم رول ئوينايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە ئاتا بولغۇچىنىڭ كەلگۈسىدىكى جۈپتى ھالىتىنى قانداق ئۆلچەمدە تاللىشىنى يورۇتۇپ بەرگەن بولسا، تۆۋەندىكى ھەدىستە قىزنىڭ ئائىلىسىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئايال كىشىنىڭ جۆرە تاللىشىدىكى ئىسلامىي پىرىنسىپىنى بايان قىلىپ بەرگەن:

[عَنْ أَبِي حَاتِمٍ الْمُزَنِيِّ رَضِيَ الله عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِذَا جَاءَكُمْ مَنْ تَرْضَوْنَ دِينَهُ وَخُلُقَهُ فَأَنْكِحُوهُ إِلَّا تَفْعَلُوا تَكُنْ فِتْنَةٌ فِي الْأَرْضِ وَفَسَادٌ»، قَالُوا: يَا رَسُولَ اللهِ وَإِنْ كَانَ فِيهِ؟ قَالَ: «إِذَا جَاءَكُمْ مَنْ تَرْضَوْنَ دِينَهُ وَخُلُقَهُ فَأَنْكِحُوهُ "ثَلَاثَ مَرَّاتٍ"] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)

ئەبى ھاتىم مۇزەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا دىن ۋە ئەخلاقى جەھەتتىن سىلەر رازى بولىدىغان بىر يىگىت قىز سوراپ كەلسە ، ئۇنى قىزىڭلارغا ئۆيلەپ قويۇڭلار، ئۇنداق

قىلمايدىكەنسىلەر، زېمىندا چوڭ پىتنە ـ پاسات بولىدۇ» دېۋىدى. ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر ئۇ قول ـ ئىلكىدە يوق بىرى بوپقالسىچۇ؟» دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا دىن ۋە ئەخلاقى جەھەتتىن سىلەر رازى بولىدىغان بىر يىگىت قىز سوراپ كەلسە، ئۇنى قىزىڭلارغا ئۆيلەپ قويۇڭلار» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. (تىرمىزى)

مانا بۇ ھەدىسلەردىن پەرزەنتلەرگە ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلارنىڭ تاللىنىشىدا دىن ـ دىيانەتنىڭ ئۆلچەم قىلىنىدىغانلىقى، ئېسىللىك ۋە ياخشىلىقنىڭ پەقەت دىيانەت بىلەنلا ئۆلچىنىدىغانلىقى، بىراۋنىڭ دىيانىتى بولماستىن، قانچىلىك ئېسىل، شەرەپلىك ئائىلە بولۇپ كەتسۇن، ئۇنى ـ شەرىئەت ئىستىبمالىدا ـ ياخشى دېگىلى بولمايدىغانلىقى روشەن بايان قىلىنغان.

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «النَّاسُ مَعَادِنُ فِي الْخَيْرِ وَالشَّرِّ، خِيَارُهُمْ فِي الْجَاهِلِيَّةِ خِيَارُهُمْ فِي ا لإِسْلامِ إِذَا فَقِهُوا»] (رَوَاهُ البُخَارِى)

«ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلار ياخشىلىق ۋە يامانلىقتا مەدەنلەر (كان بايلىقلىرى) گە ئوخشاشتۇر، جاھىلىيەتتە ياخشى بولغانلىرى، ئەگەر دىنىي ئەھكاملارغا ئالىم بولسا ئىسلام دىنىدىمۇ ياخشى بولىدۇ» (بۇخارى).

يەنى، تېگى ـ تەكتىدىن ياخشى بولغان ئېسىل كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ، شۇ ياخشىلىقنىڭ تەسىرىنى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۇرىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق ئەر كەلگۈسى پەرزەنتلىرىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىگە جور تاللاشتا چوقۇم بالىلىرىنىڭ تۇنجى ئۇستازى بولۇشقا لايىق كېلىدىغان، دىيانەتلىك ئايالنى تاللىشى لازىم. ئايال كىشىلەرمۇ كېلەچەكتىكى پەرزەنتلىرىنىڭ ئاتىسى بولىدىغان جورىسىنى دىيانەت بىلەن ئەخلاقنى ئاساس قىلغان ھالدا، ياخشى تاللىشى كېرەك.

مانا بۇلار ئەر ۋە ئايالنىڭ كەلگۈسى پەرزەنتلىرى ئۈچۈن، تويدىن بۇرۇن چوقۇم ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر.

بىر ئائىلىدە پەرزەنت تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىنىڭ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك پەرزەنت ھەقلىرىنىڭ تۇنجىسى، تۇغۇلغان بالا مەيلى قىز ياكى ئوغۇل بولسۇن، ئايرىماستىن ھەممىسىنى ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمىتى دەپ خۇشال بولۇش ۋە بالىلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل مۇئامىلىدە بولۇشتۇر.

**2 ـ بالىلارغا چىرايلىق ئىسىملارنى قويۇش**

بالىلارغا گۈزەل، چىرايلىق ئىسىملارنى قويۇش، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۈستىدىكى مۇھىم ھەقلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاتا ـ ئانىلار ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ئىشتۇر. ئىسلام دىنىمىز ئەڭ مۇكەممەل دىن بولغانلىقتىن، بۇ مەسىلە ھەققىدىمۇ نۇرغۇن تەۋسىيەلەرنى قىلغان. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرزەنتلەرگە چىرايلىق، گۈزەل ئىسىملارنى قويۇش ھەققىدە مۇنداق دېگەن :

[عَنْ أَبِيْ الدَّرْدَاءِ رضيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ : قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِنَّكُمْ تُدْعَوْنَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ بِأَسْمَائِكُمْ وَأَسْمَاءِ آبَائِكُمْ، فَحَسِّنُوا أَسْمَاءَكُمْ»] (رَوَاهُ أَبُو دَاود)

ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن : «سىلەر قىيامەت كۈنى ئۆز ئىسمىڭلار ۋە ئاتاڭلارنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىلىسىلەر، شۇڭا بالىلىرىڭلارغا چىرايلىق ئىسىملارنى قويۇڭلار» (ئەبۇ داۋۇد).

بالىلارغا ئىسىم قويغاندا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، مەنىسى ياخشى، شەرىئەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان، لەۋزى يەڭگىل ئىسىملارنى قويۇش. شۇنداقلا قويۇلغان ئىسىمنىڭ بالىنىڭ كەلگۈسىگە مەلۇم تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ھەرگىز نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق لازىم. شۇڭا ئىسىملارنىڭ مەنىسى، شەرىئەتكە مۇۋاپىق كېلىش ـ كەلمەسلىكى بىلەن ھېساپلاشماستىن، چىرايلىق ئىسىمكەن ۋە ياكى ھېچكىم قويمىغان ئىسىمكەن، دەپلا قويۇشتىن ساقلىنىش. ئەگەر بىلمەسلىكتىن نامۇۋاپىق ئىسىملارنى قويۇپ سالغان بولسا، دەرھال ياخشى ئىسىمغا ئالماشتۇرۇش لازىم، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئەينى چاغدا بىر قىسىم ناتوغرا قويۇلۇپ قالغان ئىسىملارنى ياخشى مەنىلىك ئىسىملارغا ئۆزگەرتكەن.

[عَنِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُمَا قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «أَحَبُّ الْأَسْمَاءِ إِلَى اللّٰهِ عَبْدُاللّٰهِ وَعَبْدُالرَّحْمَنِ»]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن : «ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان ئىسىملار ئابدۇللا ۋە ئابدۇراھماندۇر».

ئۇندىن باشقا، پەرزەنتلەرگە ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنىڭ ئالدىغا «عبد» (بەندە، قۇل دېگەن مەنىدە) قوشۇپ تۈزۈلگەن، ئاللاھنىڭ بەندىسى، قۇلى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان (ئابدۇررەھىم، ئابدۇرەززاق دېگەندەك ) ئىسىملارنى قويۇش، ئىنسانىيەتنىڭ يېتەكچىلىرى، گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۈلگىلىرى بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى قويۇش، ھىدايەتنىڭ يۇلتۇزلىرى بولغان

ساھابىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى قويۇش، ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن سالىھلارنىڭ ئىسىملىرىنى قويۇش دىنىمىز ئالاھىدە رىغبەتلەندۈرگەن ئىشلاردىندۇر.

ئىسىم قويۇش بىلەن بىرگە، ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنت ھەققىدە ئادا قىلىدىغان يەنە بىر مەجبۇرىيىتى «ئەقىقە» دۇر، «ئەقىقە»- ئاتا-ئانىلار ئاللاھ تائالانىڭ پەرزەنتتىن ئىبارەت چوڭ نېئمەتنى بەرگەنلىكىگە مىننەتدارلىقى ۋە خۇشاللىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوي بوغۇزلاشنى كۆرسىتىدۇ. «ئەقىقە» پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرىدىن بولۇپ، تۇغۇلغان بالا ئەگەر ئوغۇل بولسا ئىككى قوي، قىز بولسا بىر قوي قۇربانلىق قىلىنىدۇ.

[عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدُبٍ رضيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ «كُلُّ غُلَامٍ رَهِينَةٌ بِعَقِيقَتِهِ تُذْبَحُ عَنْهُ يَوْمَ سَابِعِهِ وَيُحْلَقُ وَيُسَمَّى»] (رَوَاهُ أَبُو دَاوُد)

**سەمۇرە ئىبنى جوندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «تۇغۇلغان بالا ئۆزىنىڭ ئەقىقىسىگە باغلىق بولىدۇ، بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئەقىقىسى قىلىنىدۇ، چېچى چۈشۈرىلىدۇ ۋە ئىسىم قويۇلىدۇ» (ئەبۇ داۋۇد).**

### 3- ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش

پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۈستىدىكى مۇھىم ھەقلىرىدىن بىرى. ئوغۇل پەرزەنتلىرىنىڭ خەتنىسىنى قىلىش بولۇپ ھەدىستە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، قَالَ: «اَلْفِطْرَةُ خَمْسٌ أَوْ خَمْسٌ مِنَ الْفِطْرَةِ: الْخِتَانُ، وَالاسْتِحْدَادُ، وَتَقْلِيمُ الأَظَافِرِ، وَنَتْفُ الإِبِطِ، وَقَصُّ الشَّارِبِ] (رَوَاهُ البُخَارِي)

**ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بەش تۈرلۈك ئىش سۈننەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىشلار: خەتنە قىلىش، سۈننەت قىلىش( ئەۋرەتنىڭ تۈكلىرىنى ئېلىش) ، تىرناق ئېلىش ۋە قولتۇق ئاستىدىكى تۈكلەرنى يۇلۇش، بۇرۇت قىرقىشتىن ئىبارەت» (بۇخارى) .**

### 4- بالىلارنى ئېمىتىش ۋە بېقىش

ئاتا-ئانىنىڭ يېڭى دۇنياغا كەلگەن بالىلارنى ئېمىتىش ۋە بېقىش بولىدۇ. بالىنى سۈتتىن ئايرىش مەزگىلىگە قەدەر ئېمىتىش ئانىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ بولۇپ، ئۆزرىسىز ئېمىتىشتىن باش تارتقان ئانا گۇناھكار بولىدۇ. يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بوۋاقلارنىڭ ئەڭ پايدىلىق ۋە ئەڭ تەبىئىي غىزاسى ئانىنىڭ سۈتى بولۇپ، بالىنىڭ ساغلام يېتىلىشى ئۈچۈن ئانا سۈتى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئۆز ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئېمىپ چوڭ

بولغان باللارنىڭ، ئانىسىنى ئەممەي چوڭ بولغان باللارغا قارىغاندا ئەقلىي ۋە جىسمانىي تەرەپلەردىن ئالاھىدە پەرقلىق بولىدىغانلىقى تىببىي ۋە پسىخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ بىردەك يەكۈنىدۇر. شۇڭا بالىنىڭ ئۆز ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئەڭ كۆپ دېگەندە ئىككى يىل ئېمىش ھەققى بار. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن :

﴿وَالْوَالِدَاتُ يُرْضِعْنَ أَوْلاَدَهُنَّ حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ لِمَنْ أَرَادَ أَن يُتِمَّ الرَّضَاعَةَ وَعلَى الْمَوْلُودِ لَهُ رِزْقُهُنَّ وَكِسْوَتُهُنَّ بِالْمَعْرُوْفِ لاَ تُكَلَّفُ نَفْسٌ إِلاَّ وُسْعَهَا لاَ تُضَآرَّ وَالِدَةٌ بِوَلَدِهَا وَلاَ مَوْلُودٌ لَّهُ بِوَلَدِهِ وَعَلَى الْوَارِثِ مِثْلُ ذَلِكَ فَإِنْ أَرَادَا فِصَالاً عَن تَرَاضٍ مِّنْهُمَا وَتَشَاوُرٍ فَلاَ جُنَاحَ عَلَيْهِمَا وَإِنْ أَرَدتُّمْ أَن تَسْتَرْضِعُواْ أَوْلاَدَكُمْ فَلاَ جُنَاحَ عَلَيْكُمْ إِذَا سَلَّمْتُم مَّآ آتَيْتُم بِالْمَعْرُوْفِ وَاتَّقُواْ اللّهَ وَاعْلَمُواْ أَنَّ اللّهَ بِمَا تَعْمَلُوْنَ بَصِيْرٌ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئانىلار باللىرىنى تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، ساق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم. ئاتىلار ئانىلارنى شەرىئەت بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك. كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا بۇيرۇلىدۇ. ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم. (ئەگەر ئاتا ئۆلۈپ كەتسە) ئۇنىڭ ۋارىسى ئاتىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئەگەر ئاتا ـ ئانا كېڭىشىپ (بالىنى ئىككى يىل توشماستىنلا) سۈتتىن ئايرىۋەتمەكچى بولسا، ئۇلارغا ھېچبىر گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر باللىرىڭلارنى ئىنىك ئانىلارغا ئېمىتمەكچى بولساڭلار، قائىدە بويىچە ئۇلارنىڭ ھەققىنى بەرسەڭلارلا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾ (سۈرە بەقەرە 233 ـ ئايەت).

يۇقىرىقى ئايەتتىن مەلۇمكى، ئاتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەرزەنتلىرىنى بېقىش پەرزدۇر. ئاتا بولغۇچىغا نىسبەتەن ئايالى ۋە باللىرىنىڭ چىقىملىرىنى تەمىنلەپ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، سەدىقە بەرگەندىنمۇ ۋە نورغۇن ياخشىلىقلاردىنمۇ مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىكتۇر.

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ : قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «دِينَارٌ أَنْفَقْتَهُ فِي سَبِيلِ اللّهِ، وَدِينَارٌ أَنْفَقْتَهُ فِي رَقَبَةٍ، وَدِينَارٌ تَصَدَّقْتَ بِهِ، وَدِينَارٌ أَنْفَقْتَهُ عَلَى أَهْلِكَ، أَفْضَلُهَا الدِّينَارُ الَّذِي أَنْفَقْتَهُ عَلَى أَهْلِكَ»] (رَوَاهُ الْمُسْلِمُ)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : «ئاللاھ تائالا يولىدا بىر دىنار سەرپ قىلساڭ، قۇل ئازاد قىلىشتا بىر دىنار سەرپ قىلساڭ، مىسكىنگە بىر دىنارنى سەرپ قىلساڭ، ئائىلەڭگە بىر دىنار سەرپ

قىلساق، مۇشۇلارنىڭ ئىچىدىن ئائىلەڭگە سەرپ قىلغان دىنارىڭنىڭ ساۋابى ئەڭ كاتتا بولىدۇ»

[عَنْ عَبْدِ اللّٰهِ بْنِ عَمْرٍو رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُماَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ «كَفَى بِالْمَرْءِ إِثْمًا أَنْ يُضَيِّعَ مَنْ يَقُوتُ»] (رَوَاهُ أَبُو دَاوُد)

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق بولغان كىشىلەرنىڭ خىراجىتىنى بەرمەسلىكى يېتەرلىك گۇناھتۇر» (ئەبۇ داۋۇد).

**5 ـ باللارنى تەربىيەلەش**

ئاتا ـ ئانىغا نىسبەتەن باللىرىنى يارامىلىق ۋە سالىھ ئادەملەردىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش مىليونلاپ بايلىقنى ئىشلەشتىنمۇ بەكرەك مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى يارامىلىق، سالىھ بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە، جەمئىيەتكە ۋە مىللەتكە كەلتۈرىدىغان مەنپەئەتى، شان ـ شەرىپى ھەددى ـ ھېسابسىز ماددىي بايلىقتىن ئېشىپ چۈشىدۇ. يەنە كېلىپ ئاتا ـ ئانىنىڭ تەربىيەسى بىر بالىنىڭ دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق ۋە يارامىلىق بولۇپ چىقىشى ۋە دىنغا، جەمئىيەتكە ۋە مىللەتكە پايدىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «كُلُّ مَوْلُودٍ يُولَدُ عَلَى الْفِطْرَةِ فَأَبَوَاهُ يُهَوِّدَانِهِ أَوْ يُنَصِّرَانِهِ أَوْ يُمَجِّسَانِهِ كَمَثَلِ الْبَهِيمَةِ تُنْتَجُ الْبَهِيمَةَ هَلْ تَرَى فِيهَا جَدْعَاءَ»] (رَوَاهُ الْبُخَارِي)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەر بىر بوۋاق، ئىسلام دىنى ئەقىدىسى ئۈستىدە تۇغۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ياكى يەھۇدىي قىلىدۇ، ياكى ناسارا قىلىدۇ، ياكى مەجۇسىي قىلىپ چوڭ قىلىدۇ. ئۇ خۇددى تۆت پۇتلۇق ھايۋان ھەممە ئەزاسى ساق تۇغۇلغىنىغا ئوخشايدۇ، قۇلاق، بۇرۇنلىرى كېسىك تۇغۇلغان بىرەر ھايۋاننى كۆرمەيسەن» (بۇخارى).

شۇڭا ئاتا ـ ئانا پەرزەنتلىرىنى كىچىكىدىنلا توغرا ئەقىدە ئاساسىدا ئېتىقادلىق، سەمىمىي، ئىرىشچان، راست سۆزلۈك، پەزىلەتلىك ياخشى ـ يامانىنى، ھالال ـ ھارامنى ئىلغايدىغان ئادەم قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشى، باللارغا يۇقىرىسى ئىماندىن باشلاپ، تۆۋىنى كىيىنىش، يۇيۇش ـ تۇرۇش، ئۆيگە كىرىشتە ئىشىكنى چېكىپ، ئىزنى سوراپ كىرىش، سالاملىشىش، تاماق يېيىشكە قەدەر بولغان پۈتۈن ئەدەپ ـ قائىدىلەرنى ئۆگىتىش لازىم، قىسقىسى، ئېتىقاد تەربىيەسىدىن باشقا، ئوغۇللارغا ئوغۇللارغا خاس ئەدەپ ـ ئەخلاق، قىزلارغا قىزلارغا خاس شەرمى ـ ھايانى ئۆگىتىشمۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ

پەرزەنتلىرى ئالدىدىكى ئىنتايىن مۇھىم مەجبۇرىيىتى ھېسابلىنىدۇ.
بالىلار ئىنتايىن سەزگۈر كېلىدۇ، ئۇلار پۈتۈن ئىشلارنى ئاتا ـ ئانىسىغا قاراپ ئۆگىنىشكە ئىنتىلىدۇ، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەقىدىسى، گەپ ـ سۆزى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى، كىيىنىشى، ئەخلاقى بالىغا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا پەرزەنتلىرىدىن تەلەپ قىلىدىغان ياخشى ئىشلارنى ئاتا ـ ئانا ئالدى بىلەن ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئۆزى كۆرسىتىشى لازىم، ئۆزى باش بولۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغان ئاتا ـ ئانىلار، ياخشىلىقتا ئۇلارغا ئەگەشكەن پەرزەنتلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىدۇ:

﴿وَالَّذِينَ آمَنُوا وَاتَّبَعَتْهُمْ ذُرِّيَّتُهُم بِإِيمَانٍ أَلْحَقْنَا بِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز﴾ (سۈرە تۇر 21 ـ ئايەت).

بالىلارنى كىچىكىدىن ناماز ئوقۇش ۋە سالىھ ئەمەل ـ ئىبادەتلەرگە كۆندۈرۈشمۇ ئاتا ـ ئانىلار ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىدىن بىرسىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن :

﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا لَا نَسْأَلُكَ رِزْقًا نَّحْنُ نَرْزُقُكَ وَالْعَاقِبَةُ لِلتَّقْوَى﴾

تەرجىمىسى: ﴿ (ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن، سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز، ساڭا بىز رىزىق بېرىمىز، ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر﴾ (سۈرە تاھا 132 ـ ئايەت).

[ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو رضيَ اللهُ عَنْهُماَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ : «مُرُوا أَوْلادَكُمْ بِالصَّلاةِ وَهُمْ أَبْنَاءُ سَبْعِ سِنِينَ وَاضْرِبُوهُمْ عَلَيْهَا وَهُمْ أَبْنَاءُ عَشْرٍ وَفَرِّقُوْا بَيْنَهُمْ فِي الْمَضَاجِعِ»] (رَوَاهُ أَبُو دَاوُد)

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: «بالىلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئۇلارنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئۇلار ئون ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇمىسا ئۇلارنى ئۇرۇڭلار ۋە ئۇلارنى يېتىپ ـ قوپۇشتا ئۆزئارا ئايرىۋېتىڭلار» (ئەبۇ داۋۇد).

**6 ـ بالىلارنى ئوقۇتۇش**

بالىلارنى ئوقۇتۇش ياكى ئۇلارغا تىرىكچىلىكتە ئەسقاتىدىغان بىرەر ھۈنەر ـ كەسىپ ئۆگىتىشمۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى ئادا قىلىش زۆرۈر بولغان پەرزەنت ھەقلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. بالىلارغا ئىمان ـ ئىسلامنى ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن، شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن ھالال ـ ھارامنى، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ يوللىرىنى ۋە باشقىلار بىلەن

مۇئامىلە قىلىش قائىدىلىرىنى بىلگەنگە قەدەر ئوقۇتۇش دىنىمىزدا ئېيتىلغان «پەرز ئەين»دۇر. بالىلارنى دىنىي ئىلىملەردە بولامدۇ، ياكى تېبابەت، تارىخ، ماتېماتىكا، فىزىكا دېگەندەك باشقا جەمئىيەتكە پايدىلىق، ئۆز تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق ئىلىم تۈرلىرىدە ئوقۇتۇپ مۇتەخەسسىس قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش بولسا «پەرز كۇپايە » ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش، پەقەت دىنىي ئىلىملەرگىلا ياكى مەخسۇس بىرەر پەنگىلا قارىتىلغان ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنى تەلەپ قىلىدىغان ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش، ئائىلەلەرنىڭ پەرۋەردىگارىنى تونۇتىدىغان، ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان ھەر قانداق ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

[عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُعَنِ النَّبِيِّ صلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ قَالَ: « طَلَبُ العِلْمِ فَرِيْضَةٌ عَلَىٰ كُلِّ مُسْلِمٍ ] .

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : «ئىلىم ئۆگىنىش ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر» (ئىبنى ماجە).

مانا بۇ ئىسلامنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى چاقىرىقى ۋە مۇسۇلمانلارغا پەرز بولۇپ بەلگىلەنگەن «ئوقۇش، ئۆگىنىش» بۇيرۇقىدۇر. شۇڭا ھەر قانداق باھانە بىلەن بالىلىرىنى ئوقۇشتىن ياكى كەسىپ ـ ھۈنەر ئۆگىنىشتىن مەھرۇم قىلغان ئاتا ـ ئانا بالىلىرىنىڭ كەلگۈسىنى زايا قىلغانلىقى سەۋەپلىك گۇناھكار بولىدۇ.

**7 ـ بالىلارنىڭ تويىنى قىلىش**

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَنكِحُوا الْأَيَامَىٰ مِنْكُمْ وَالصَّالِحِيْنَ مِنْ عِبَادِكُمْ وَإِمَائِكُمْ إِنْ يَكُوْنُوْا فُقَرَاءَ يُغْنِهِمُ اللهُ مِنْ فَضْلِهِ وَاللهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ ﴾

﴿ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەرلەرنىڭ، ئايالLارنىڭ، ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار يوقسۇز بولسا، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ كەرىمى كەڭدۇر ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾ (سۈرە نۇر 32 ـ ئايەت).

پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىنىڭ يەنە بىرى توي قىلىش يېشىغا يەتكەن ئوغۇل ـ قىزلىرىنى دىيانەتلىك ۋە ئەخلاقلىق ياخشى لايىقلارغا ئۆيلەپ قويۇش ياكى ياتلىق قىلىشتىن ئىبارەت. يۇقىرىقى ئايەتتىن چىقىپ تۇرۇپتۇكى، ئۆز ئەتراپىدىكى بويتاق ئەر ـ ئاياللارنىڭ، قول ئاستىدىكى قۇل ۋە چۆرىلەرنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇش ئىنتايىن زۆرۈر بولغان يەردە، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنى بېجىرىش ئاتا ـ ئانىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان

مەسئۇلىيىتى ئەلۋەتتە. شۇڭا بۇ مەسئۇلىيەتكە سەل قارىغان، پەرزەنتلىرى توي قىلىش يېشىغا يەتكەن ۋە ھېچقانداق شەرئىي ئۆزرە بولمىغان ئەھۋالدا، بالىلىرىنىڭ ئۆيلىنىش ياكى ياتلىق بولۇش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرمىگەن ھەر قانداق ئاتا ـ ئانا ئىسلامنىڭ نەزىرىدە چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.

ھۆرمەتلىك جامائەت! يۇقىرىقىلار پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلاردىكى ئەڭ ئاساسلىق ھەق ـ ھوقۇقلىرىدىن ئىبارەت، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇتۇشنى خالايدىغان ئەر ـ ئايالLAR بۇ بىر قاتار مەجبۇرىيەتلەرنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارماسلىقى، ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىدا، تولۇق ئادا قىلىشقا تىرىشىشى كېرەك. مانا بۇ ھەقلەرنى ئۆز ۋاقتىدا، تولۇق ئادا قىلىپ، سالىھ پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەپ چىققان ئاتا ئانىلار دۇنيادا پەرزەنتلىرىنىڭ تۆۋەندىكى دۇئاسىغا نائىل بولىدۇ :

﴿وَقُلْ رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِيْ صَغِيْرًا﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئى رەببىم! ئۇلار مېنى كىچىك چېغىمدا (مېھرى بىلەن) تەربىيەلىگەندەك ئۇلارغا رەھمەت قىلغىن دېگىن﴾ (سۈرە ئىسرا 24 ـ ئايەت).

ئاخىرەتتە بولسا، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئالىي جەننەتلەردە جەم بولىدۇ :

﴿جَنَّاتُ عَدْنٍ يَدْخُلُونَهَا وَمَنْ صَلَحَ مِنْ آبَائِهِمْ وَأَزْوَاجِهِمْ وَذُرِّيَّاتِهِمْ وَالمَلاَئِكَةُ يَدْخُلُوْنَ عَلَيْهِم مِّن كُلِّ بَابٍ سَلاَمٌ عَلَيْكُمْ بِمَا صَبَرْتُمْ فَنِعْمَ عُقْبَى الدَّارِ﴾

تەرجىمىسى: ﴿ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى، خوتۇنلىرى ۋە ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى ياخشىلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ يېنىغا جەننەتنىڭ ھەربىر دەرۋازىسىدىن كىرىپ:«سەبرىنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!» دەيدۇ﴾ (سۈرە رەئد 23 ـ ، 24 ـ ئايەت).

ئاللاھ ھەممىمىزنى ئۆز ھەققىنىلا ئەمەس بەلكى ئۆز مەجبۇرىيىتىنىمۇ ياخشى تونۇپ ، ئۇنى تولۇق ئادا قىلىدىغان ئاتا ـ ئانىلاردىن قىلسۇن، پەرزەنتلىرىمىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىزنى خۇرسەن قىلىدىغان سالىھ ۋە سالىھەلەردىن قىلسۇن!

﴿رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِيْنَ إِمَامًا ﴾

﴿ئى رەببىمىز! بىزگە خوتۇنلىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى قىلغىن﴾ (سۈرە فورقان 74 ـ ئايەت).

# مەرھۇم مەھمۇد داموللاھ ھاجى ھەققىدە

مەھمۇد داموللا ھاجى ئانا دىيارىمىزغا نىسبەتەن، دەۋرىمىزدىكى دىنىي زاتلار ئىچىدە تەسىرى زور، ئابرۇيى يۇقىرى، تۆھپىسى كۆپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن تۆھپىكار ئۆلىمالارنىڭ بىرى. مەھمۇد داموللامنىڭ ئۆنتۈلماس ھاياتى كەڭ دىنىي زاتلارنىڭ ۋە تەقۋادار مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ ھۆرمەت ۋە سېغىنىش بىلەن ئەسلىشىگە ھەم ئۆگىنىپ ئۈلگە قىلىشىغا ئەرزىيدىغان شەرەپلىك ھايات.

مەھمۇد داموللا ھاجى 1937 ـ يىلى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ قاراساي يېزا ياۋا كەنتىدە تۇرسۇن ئىسمىلىك نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان. زېرەك، چېچەن، دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بۇ ئۆسمۈر 1950 ـ يىلى قاراقاش ناھىيەسىدىكى مەدرىسەدە بىر مەزگىل ئوقۇغان. 1953 ـ يىلى يۇرتىدىكى چوڭلار ھەم بىر قىسىم قول ئىلكىدە بار كىشىلەر ياردەم قىلىپ، ئۇنى ئىنىسى بىلەن بىللە قەشقەردىكى داڭلىق مەدرىسىلەردە ئوقۇپ كاتتا ئۆلىما بولسىكەن دېگەن ئارزۇدا يولغا سېلىپ قويغان. 16 ياشقا كىرگەن بۇ ئۆسمۈر ئىنىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، يۇرتداشلىرىنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ئېلىپ بىر ـ بىرىدىن داڭلىق ئۆلىمالار ۋە مەدرىسىلەر بار قەدىمىي شەھەر قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن قەشقەرگە كېلىپ ھېيتگاھ جامەسىنىڭ مەدرىسىسىدە بىلىم تەھسىل قىلغان. بۇ يەردە قەشقەرنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن زەينۇلئابىدىن مەۋلەۋى، ئابدۇرەشىد داموللام، ھاشىماخۇن داموللاملاردا ئوقۇغان. 1960 ـ يىلى ئوقۇشىنى تاماملىغان. بۇ يىللاردا سىياسىي ساھەدە سولچىللىق شاملى بارغانسېرى كۈچەيگەن بولغاچقا، مەدرىسىنى تاماملىغان ئوقۇغۇچىلار مەجبۇرىي ھالدا كەسپىي ئورۇنلارغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەھمۇد داموللام قەشقەر ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسىگە قاراشلىق تېرە ـ يۇڭ زاۋۇتىنىڭ گىلەم توقۇش سېخىغا ئىشچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئىنىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك ماددىي ـ ئەشيا ئىدارىسىگە شوپۇرلۇققا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. نورمال دىنىي ئېتىقاد پائالىيىتىمۇ قاتتىق چەكلىنىدىغان بۇ يىللاردا مەھمۇد داموللام 1968 ـ يىلىغىچە گىلەم سېخىدا ئىشلىگەن. شۇ يىلى تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ يوپۇرغا ناھىيەسىگە ئەۋەتىلگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تەتۈر قۇيۇنلىرى تازا ئەۋجىگە چىققان بۇ يىللاردا مەھمۇد داموللام ناھايىتى مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. يوپۇرغىدىكى كۈنلەردە خەلقچىللىق ئېڭى كۈچلۈك بىر كادىر مەھمۇد داموللامنىڭ ئىلمى ۋە پەزىلىتىگە قايىل بولۇپ، كۆرۈۋاتقان كۈنىگە ئېچىنىپ، «نوپۇسلىرىنى سۆكۈپ بېرەي، ئائىلىرىنى ئېلىپ ئۈرۈمچى تەرەپكە چىقىپ كەتسىلە، ئۇ يەرلەردە سىياسەت بىر قەدەر كەڭرى» دەپ ياردەم قىلىپ يولغا سېلىپ قويغان. مەھمۇد داموللام ئۈرۈمچىگە چىققان دەسلەپكى كۈنلەردە ئاق مەسچىتتە جامائەت بىلەن تۈنجى جۈمە نامىزىنى خاتىرجەم ئوقۇپ، ئىچ ـ ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتكەنىكەن.

مەھمۇد داموللام ئۈرۈمچىدە سايباغ رايونىدىكى خوتەن مەھەللىسىنىڭ دوقمۇشىدا سودا

قىلىدىغان قادىرئاخۇن دورىكەش، يۈسۈپ ئاخۇن دورىكەش دېگەن خوتەنلىك كىشىلەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، تىرىكچىلىك پۇرسىتىنى ئىزدىگەن. بىر قېتىملىق مېھماندارچىلىقتا تالاق مەسىلىسىگە بەرگەن پەتىۋاسى باشقىلارنى ھەيران قالدۇرغان. مېھمانلار ئۈرۈمچىدە پەيدا بولۇپ قالغان بۇ «سەرگەردان كىشى» نىڭ ئادەتتىكى كىشى ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىشكەن. بولۇپمۇ ئاقسۆۋەق (نەنمىن) دىكى سېيىق ئۆستەڭنىڭ بويىدا ئولتۇرۇشلۇق تەقۋادار مۇسۇلمان روزى ھاجىم تۇماقچى دېگەن كىشى مەھمۇد داموللامغا كۆپ ياخشىلىق قىلغان. بۇ يىللاردا مەھمۇد داموللام تەكلىپ بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا گېلەم توقۇشنى ئۆگەتكەن. ئۇ دىنىي جەھەتتىكى ئىلمىنىڭ موللىقى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا تونۇلغان. شۇ سەۋەبتىن ئاقسۆۋەقتىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى، ئۈرۈمچى، تۇرپان تەۋەسىدە ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۆلىما شاھى مەردان قارىمنىڭ ۋە ئۇ كىشىنىڭ سايبويى(شىخابا) دا تۇرۇشلۇق داڭلىق شاگىرتلىرى «يەتتە قارىم»نىڭ ھېمايىسىدە ھال ـ ئەھۋالى خېلىلا ياخشى بولغان. 1975 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىملىق ئائىلە تۇرمۇشىنى قۇرۇپ، شاھى مەردان قارىمنىڭ قىزى، 21 ياشلىق ئامىنە خېنىمنى ئەمرىگە ئالغان. ئۇزاق ئۆتمەي «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقان. نەتىجىدە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى گېلەم توقۇشقا سېلىش خاتالىق دەپ قارىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ ھاياتى مۇنتىزىم ئوقۇش بىلەن ئۆتىدىغان بولغان. گەرچە بۇ ياخشى ئەھۋال بولسىمۇ، مەھمۇد داموللامنىڭ تىرىكچىلىك يولى توختاپ قالغان. بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە تامچىلىق جەھەتتىكى ھۈنىرى بىلەن تونۇلۇپ داڭ چىقارغان ئاكا ـ ئۇكا يەتتە قارىم ماخمۇت داموللامنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە تامچىلىق قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. مەھمۇد داموللام ئايالى ئامىنە خېنىم بىلەن بىللە يەتتە قارىملارغا قوشۇلۇپ، تام ئېتىپ، سۇۋاقچىلىق قىلىپ، كېسەك يۆتكەپ ئائىلىسىنى قامدىغان. ئابدۇرېھىم، مۇھەممەت، ئابدۇللا، ھەسەن، ئىسمائىل، ئابدۇراخمان، ھەبىبۇللا ئىسىملىك يەتتە ئاكا ـ ئۇكا قارىملار ماخمۇت داموللامغا ئىنتايىن ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن مەھمۇد داموللام يەتتە قارىمنىڭ ساي بويى (شىخابا) دىكى قورۇسىدا ئىككى يىل ئولتۇرغان. 1978 ـ يىلى مەھمۇد داموللام ئەر ـ ئايال تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ توپلىغان 2300 يۈەن پۇلغا ئۈرۈمچىنىڭ ئىتتىپاق يولىدىكى خان ساراي دېگەن يەردىن، مەسئۇد سەبرى قورۇسىدىن ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيىنى سېتىۋالغان. يېشى 40 تىن ئاشقاندا مۇستەقىل ئۆيى بار بولغان مەھمۇد داموللام ئائىلە ئېگىلىكى بەرپا قىلىپ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە بىر ئېغىز ئۆيىنى گېلەم توقۇش ئۆيى قىلىپ ئايالى بىلەن گېلەم توقۇغان. تېخى بىر پارچە گېلەم پۈتمەي تۇرۇپ، شۇ مەھەللىدىكى بىر جۈپ ئەر ـ ئايال «بۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە تولا ئادەم كېلىدىكەن» دەپ دادلاپ، بۇلارغا ئارام بەرمىگەن. مەھمۇد داموللامنىڭ كىچىك ئوغلىنى ئۇلارنىڭ ئوغلى تولا بوزەك قىلىپ مەھمۇد داموللامنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلغان. قوتۇر ئاكتىپلىق پىسخىكىسى كۈچلۈك بۇ ناچار قوشنىسىنىڭ ئاۋارىچىلىقلىرىدىن بىزار بولغان مەھمۇد داموللام بۇ نادان قوشنىلىرى بىلەن تەڭ بولماي، «ياماندىن يار بويى قاچ» دېگەن ئاتىلار سۆزى بويىچە ئوتتۇرا كۆۋرۈكنىڭ يېنىدىكى «كۆكتات شىركىتى» (سۇسەي گوڭسى) نىڭ تارچۇقىدىن ئۆي ئېلىپ كۆچۈپ كەتكەن. بۇ يىللاردا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت سىياسەت جەھەتتە ئىلگىرىكىگە

ئوخشىمايدىغان ياخشى يۈزلىنىش شەكىللەندۈرۈۋاتاتتى. دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشمۇ بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتاتتى. مۇشۇنداق پۇرسەتتە مەھمۇد داموللام ئوتتۇرا كۆۋرۈكتىكى هامۇت قازاخۇنۇمنىڭ مەسچىتىدە ئىماملىق قىلىۋاتقان ئابدۇرېھىم قارىھاجىم (يەتتە قارىملارنىڭ بىرى) غا ياردەمچى ئىمام بولغاچ بالا ئوقۇتۇشنى باشلىغان. 1980 ـ يىلى بۇ جامائەت مەسچىتنى يېڭىلاپ سېلىشقا تۇتۇش قىلغاندا مەھمۇد داموللام باشتىن ـ ئاخىر بۇ قۇرۇلۇشقا بىجاندىللىق بىلەن كۈچ چىقىرىپ، جامائەتنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان.

پارتىيەنىڭ دىنىي سىياسىتىدىكى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئىجابىي ئۆزگىرىشلىرى نەتىجىسىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىن ھەجگە بارىدىغان يول ئېچىلىپ، ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئارزۇسىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن زور خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەن. مەھمۇد دامولامۇ مۇشۇ پۇرسەتتە 1984 ـ يىلى ھەج سەپىرىنى ئادا قىلغىلى يولغا چىققان، كۈتمىگەندە ھەجگە ئۈلگۈرەلمەي، بىللە يولغا چىققان كىشىلەر بىلەن بىللە پاكىستاندا تۇرۇپ قالغان. بۇ كىشىلەر ئارىسىدا مەھمۇد دامولامنىڭ ياشىنىپ قالغان قېيىنئاتىسى شاھى مەردان قارى ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئوغلى، قىزى، كۈيئوغلى قاتارلىق كىشىلەرمۇ بار ئىدى. بۇ بىر توپ كىشىلەر ئەل ئۆمرىدە ئاران كەلگەن بۇ ھەج قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ياندۇرقى يىلدىكى قۇربان ھېيتىنى كۈتۈپ، پاكىستاندا بىر يىل تۇرۇپ، 1985 ـ يىلى ئاندىن ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ، چەكسىز خۇشاللىق بىلەن ئانا ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن. ئۈرۈمچىنىڭ يۆجىنگەي دېگەن يېرىدىن كەڭ كۆشادە ئۆي سېتىۋالغان مەھمۇد دامولام ھەجدىن كەلگەندىن كېيىن، ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، دىنىي ئوقۇتۇشنى كۈچەيتكەن، مەھمۇد دامولامنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان ئاتا ـ ئانىلار شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدىن بالىلىرىنى مەھمۇد دامولامنىڭ تەربىيەسىگە ئەۋەتىپ بەرگەن.

ئۈرۈمچى خانتەڭرى مەسچىتىنى يېڭىلاپ سېلىش جەريانىدا مەھمۇد دامولام جامائەتنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، مەسچىت قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق پۈتۈشىگە ھەر جەھەتتىن ھەسسە قوشقان. جامائەت بىلىمى مول، ئىشلارنى يۈرۈشتۈرۈش جەھەتتە پاراسەتلىك بۇ زاتنى قىزغىن ھىمايە قىلىپ، 1987 ـ يىلى سەلەي قارىيدىن كېيىن خانتەڭرى مەسچىتىگە ئىمام، خاتىبلىققا بېكىتكەن.

ئەل ـ جامائەتنىڭ ئىززەت ـ ئىكرامىنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى چۈشىنىدىغان، پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئىشلارغا ئالاقىدار سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان مەھمۇد دامولام بۇ مەسچىتنىڭ ئىمام، خاتىبلىقىنى ناھايىتى ياخشى ئادا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بار ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ، تالىپ تەربىيەلەشنى چىڭ تۇتۇپ، ھەر قېتىمدا 100 دىن ئارتۇق تالىپنى ھەقسىز تەربىيەلەپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىغا يولغا سېلىپ تۇرغان. دىنىي ئوقۇتۇشنى پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئەستايىدىل، ئۈنۈملۈك ئېلىپ بارىدىغان بۇ مۆتىۋەر زاتنىڭ ئوبرازى تالىپلىرىنىڭ نەزىرىدە بارغانسېرى يۈكسەلگەن. تالىپ تەربىيەلەشنى ئىنتايىن مۇھىم دىنىي خىزمەت دەپ بىلىدىغان مەھمۇد دامولام بارلىق زېھنىي كۈچىنى يارامىلىق، ئاڭلىق تالىپلارنى تەربىيەلەشكە سەرپ قىلغان.

مەھمۇد دامولامنىڭ دىنىي ئىشلار جەھەتتىكى توغرا، نەتىجىلىك خىزمەتلىرى، ئەل ـ

جامائەتنىڭ ھېمايىسىگە ئېرىشىش بىلەن بىللە پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگىمۇ ئېرىشكەن. شۇنداق بولغاچقا مەھمۇد داموللام ئاپتونوم رايون، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە تەڭرىتاغ رايونى بويىچە ئۇدا نەچچە يىل «بەشتە ياخشى دىنىي زات» بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەنگەن. مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 1993-يىلى 12-ئايدا ئۆتكۈزگەن 6-نۆۋەتلىك يىغىنىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، 2000 -يىلى 1-ئايدا ئۆتكۈزگەن 7-نۆۋەتلىك يىغىنىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، 2006-يىلى 5-ئايدا ئۆتكۈزگەن 8-نۆۋەتلىك يىغىنىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان. 2001-يىلى 4-ئايدا بېيجىڭدا قۇرۇلغان جۇڭگو ئىسلام دىن ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 5-، 6-، 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان. سىياسىي كېڭەش ئۈرۈمچى شەھەرلىك 7 -، 8 -، 9 -، 10 -، 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتى ئەزاسى بولغان. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 4 -، 5 - نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. سىياسىي كېڭەش تەڭرىتاغ رايونلۇق 4 -، 5 -، 6 -، 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 2 -، 3 -، 4 - نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ رەئىسى بولغان.

ئەل-جامائەت ۋە پارتىيە-ھۆكۈمەت ئالدىدا تېگىشلىك ھۆرمەت ۋە ئېتراپقا ئېرىشكەن مەھمۇد داموللام ئۆزىنىڭ تۈرلۈك ئىمتىيازلىرىدىن توغرا پايدىلىنىپ، دىنىي خىزمەتنى ھەم ئۈنۈملۈك ھەم ياخشى ئىشلىگەن. ئەل-جامائەتنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ئەينەن، توغرا يەتكۈزۈپ، خەلق مەنپەئەتىگە پايدىلىق ئىشلارنى روياپقا چىقارغان. يارامىلىق، ئاڭلىق شاگىرتلارنى كۆپلەپ تەربىيەلەپ، تۈرلۈك دىنىي خىزمەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشقان. مەھمۇد داموللام تەربىيەلىگەن شاگىرتلار ئىچىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى جايلاردىكى چوڭ مەسچىتلەردە ئىمام، خاتىبلىق قىلىۋاتقان شاگىرتلار بۇ مۇنەۋۋەر دىنىي زاتنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئەجرىنى ئاقلاپ، ئۆز تەۋەسىدىكى جامائەتنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولغۇدەك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

ئۆمرىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا جاپالىق ئۆگىنىش ۋە مۇشەققەتلىك ھايات قىسمەتلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان كېيىنكى كۈنلەردىمۇ ھەم ئوخشاشلا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئەل-جامائەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ۋە تۈركۈم-تۈركۈم تالىپلارنى تەربىيەلىگەن مەھمۇد داموللام 2010-يىلى ئايالى ئامىنە خانىمنى ئېلىپ ئىككىنچى قېتىم ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆت ياللۇغى قوزغىلىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 12-ئاينىڭ 18-كۈنى 73 يېشىدا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلغان. ئەل-جامائەت ئىسلام دىنى ئۈچۈن كۆپ يىل ھاردىم-تالدىم دېمەي خىزمەت قىلغان بۇ كاتتا زاتنىڭ دەپنە مۇراسىمىنى زور داغدۇغا بىلەن ئۇزاتقان. ئاللاھ مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن، ئامىن!

# تەڭرىتاغ رايونلۇق خانتەڭرى مەسچىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى

خانتەڭرى مەسچىتى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كىندىكى بولغان تەڭرىتاغ رايون جەنۇبىي ئازادلىق يولى شىمالىي باش بۆلىكىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. هازىرقى ئىشىك رەت نومۇرى37 ـ نومۇر، رويخەت نومۇرى:A337

بۇ مەسچىتنىڭ ئۆتكەن ۋاقىتلاردىكى نامى دەۋرى ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ مۇناسىپ هالدا «قەشقەر مەسچىتى»، «مەركىزى مەسچىت»، «نەنمېن مەسچىت»، «نەنگوەن مەسچىت»، «رەستە مەسچىت»، «روزى هاجى مەسچىتى» دېگەن ئوخشىمىغان ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. بۈگۈنكى هەيۋەت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كۆركەم يېڭى مەسچىت بىناسى 1987 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى پۈتكۈزۈلۈپ پايدىلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن ئەل ـ جامائەتنىڭ ئارزۇسىغا مۇۋاپىق «خانتەڭرى مەسچىتى» دەپ ئاتاش ئومۇملاشتى.

بۇ مەسچىت «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت قالايمىقانچىلىق ئەۋجىگە چىققان يىللاردىمۇ دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچۇرىماي ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ قېلىنغان.

بۇ مەسچىت يېقىنقى يىللار بولۇپمۇ ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ نەزىرىدە ئۈرۈمچى رايونىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت سورۇنى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. نام ـ شەرىپى مۇناسىۋەتلىك نوپۇزلۇق تەزكىرە ـ قامۇسلارغا كىرگۈزۈلدى.

مەسچىتنىڭ هازىرقى تۆت پاسىلى شىمالى ـ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسىنىڭ 1985 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پۈتتۈرگەن ئېگىز قەۋەتلىك بىرلەشمە ئىشخانا بىناسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربى ـ ئاهالىلەر ئولتۇراق بىنالىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جەنۇبى ـ تار كوچا ئارقىلىق «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ساراي بىناسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىي ـ جەنۇبى ئازادلىق يولى.

**بۇ مەسچىتنىڭ دەسلەپ بىنا بولۇشى**

يازما مەنبەلەر ۋە ئەسلىمىلەرگە قارىغاندا بۇ مەسچىت 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن كېيىن بىنا قىلىنغان بولۇپ 2014 ـ يىلقى هېسابتا 150 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەدىمى مەسچىت هېسابلىنىدۇ. بۇ مەسچىت بىنا بولغاندىن تارتىپ 1950 ـ يىلغا قەدەر غەيرى رەسمىي مەهكىمە شەرئى شەكىللىنىپ، بىر قىسىم ئۆلىمالار قازى بولغان.

1850 ـ يىللىرىدىن كېيىن هازىرقى خانتەڭرى مەسچىتى ئەتراپىدا هەر خىل كەسىپتىكى مۇسۇلمان ئاهالىلەر كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان سەۋەبلىك مەسچىت بولۇش ئېهتىياجى تۇغۇلغان. شۇ ۋەجىدىن ئەينى چاغدا جامائەتنىڭ هىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن تەرەققىپەۋەر، خەلقپەرۋەر نەۋرىباي (ئەسلى يۇرتى قەشقەر كونا شەهەر ناهىيە ئوغۇساق يېزىسى غۇجۇل كەنتىدىن، 1780 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان جامائەت ئەربابى) نىڭ باشلامچىلىقى، هەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن 1850 ـ يىللىرىدىن كېيىن تەخمىنەن 280 كىۋادرات مېتىر كۆلىمىدە ئاددىي كېسەك تام قۇرۇلمىلىق نامازخانا بەرپا قىلىپ، نەنمېن ئەتراپىدىكى هەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ جەم بولۇپ، ناماز ئوقۇش سورۇنىنى هازىرلاپ بەرگەن. مانا بۇ بۈگۈنكى خانتەڭرى مەسچىتىنىڭ ئەڭ

دەسلەپكى ئاساسى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ جامە بىر قانچە قېتىم يېڭىلاپ ياسالغان.

بۇ مەسچىتنىڭ دەسلەپكى چاغدىكى سىرتقى ئىشىكى شىمالى تەرەپكە قارىتىپ ئېچىلغان. چۈنكى بۇ چاغلاردا ئۈرۈمچىدىكى ئۈچ قەلئەنىڭ بىرسى بولغان خەنچەڭ (汉城) نىڭ نەنمېن قوۋۇقىدىن چىققاندىكى نەنگۈەن يولى (ھازىرقى جەنۇبى ئازادلىق يولى) تېخى رەسمىي يول بولۇپ شەكىللەنمىگەن بولغاچقا قاتنايدىغان ئاساسلىق يول غەرب تەرەپتىكى داشىمىنغا سوزۇلغان «رىنشىنلۇ» كوچىسى (تۇداۋخاڭ) ئىدى. بۇ كوچىنىڭ شەرقىي قىسمىدا پاختا ئوقەتچىلەر كۆپرەك بولغاچقا ئۇيغۇر قېرىنداشلار بۇ كوچىنى «پاختا كوچىسى» دەپ ئاتايتتى.

**مەسچىتنىڭ ئىككىنچى قېتىم يېڭىلاپ ياسىلىشى**

مىلادىيە 1882 ـ يىلى (ھىجرىيە 1300 ـ يىلى) ئىككىنچى قېتىم تەخمىنەن 355 كىۋادرات مېتىر كۆلەمدە تاش، كېسەك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق يېڭى نامازخانا ياسالغان. ئورنى ئەسلىدىكىدىن جەنۇب تەرەپكە 10 مېتىر سۈرۈلۈپ سېلىنغان. بۇ قېتىمقى يېڭى مەسچىت ـ نامازخانا (خانىقا)، سۈننەتخانا ۋە ئايۋانچە (دالان) دىن تەركىب تاپقان. نامازخانا كۆلىمى كېڭەيتىلگەن. قۇرۇلمىسى ياغاچ جازىخورلۇق قىلىپ (تۈۋرۈك، لىم، جەگلىرى بىر ـ بىرىگە چېتىشتۇرۇلۇپ)پۇختا ياسالغان. بۇ قېتىمقى مەسچىت قۇرۇلۇشىغا نەۋرىيباي، ئىبراھىم ھاجى خوتەن، دانىش ھاجى دورىگەر (سەكسەن خالتا) قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى باشچىلىق قىلغان. قۇرۇلۇش ئەينى زاماندىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئۇستىسى بولغان نىياز ئاخۇن تامچى يېتەكچىلىكىدە پۈتتۈرۈلگەن.

**يانداش قوشۇمچە بىنانىڭ ياسىلىشى**

بۇ ئىككىنچى قېتىم كېڭەيتىپ ياسالغان مەسچىت پۈتۈپ 20 يىلدىن كېيىن يەنى مىلادىيە 1902 ـ يىلى (ھىجرىيە 1320 ـ يىلى) كەڭ جامائەتنىڭ تەلىپى ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن ئۆسمۈرلەرنى ئوقۇتۇش ئېھتىياجى سەۋەبلىك مەسچىت يېرىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە (ھازىرقى خەلق بانكىسى قورۇسى تەرەپكە) تەخمىنەن 300 كىۋادرات مېتىردىن ئوشۇق كۆلەمدە ئىككى قەۋەت ياغاچ، خىش، كېسەك قورۇملىق بىر قەدەر زامانىۋى بىنا ياسالغان. بىرىنچى قەۋەت پۈتۈنلەي دۇكان قىلىنىپ، مەسچىت ئۆز ـ ئۆزىنى باقىدىغان كىرىم مەنبەسى قىلىنغان. ئىككىنچى قەۋەتنىڭ كۆپ قىسمى سىنىپ قىلىنىپ ئۆسمۈرلەرنى ئوقۇتۇش يولغا قويۇلغان. دەسلەپكى چاغلاردا مەرغۇلاندىن قەشقەر ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئابدۇخالىق داموللا سادىق (1875 ـ 1937)، ئىسمائىل قارى ھاجى زاھىت (1881 ـ 1971)، ئابلا ھاجى (نام ـ ئەمالى ئېنىق ئەمەس)قاتارلىقلار ئىلگىرى ـ كېيىن مۇددەررىس، ئوقۇتقۇچى بولغان. 1940 ـ يىلى ئوقۇغۇچىلار كۆپىيىپ ئەينى چاغدىكى 7 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ (ھازىرقى 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ) كە قوشۇۋېتىلگەن. شۇنىڭدىن بېرى مەسچىت ئىچىدە قەرەلسىز تالىپ ئوقۇتۇش داۋاملاشقان.

**پەشتاقلىق دەرۋازىنىڭ ياسىلىشى**

1920 ـ يىللىرىدىن كېيىن نەنگۈەن يولى (ھازىرقى جەنۇبىي ئازادلىق يولى) رەسمىي ئاساسلىق يول بولۇپ ئاۋاتلاشقان. ئۇ چاغدا مەسچىت نامازخانىسى ئورنى چوڭ يولنىڭ غەرب تەرەپىدىن خېلى ئىچكىرىدە ئىدى. شەرق تەرەپتە روزى ھاجى (يىجاڭ) (ئەينى چاغدا مەسلىھەت كېڭەشنىڭ مۇئاۋىنى بولغاچقا يىجاڭ دەپ نام ئالغان، 1870 ـ 1932) ۋە دانىش ھاجى ئوغلى ئابدۇراھمان دورىگەرلەرنىڭ ئاتا مىراسى ھېسابىدا ئۆي ـ دۇكانلىرى بار ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا مەسچىتنىڭ دەرۋازىسىنى شەرق تەرەپكە قارىتىپ ئېچىش ئۈچۈن جامائەتنىڭ تەلىپى بويىچە روزى ھاجى يىجاڭ بىلەن ئابدۇراھمان دورىگەر مەسلىھەتلىشىپ، ئاللاھنىڭ

رىزالىقىنى تىلەپ ئۆز مىراسىدىن تېگىشلىك يول ئېچىپ مەسچىتنىڭ پەشتاقلىق دەرۋازىسىنى ياساپ چىقىش ئىمكانىيىتىنى هازىرلاپ كەڭ جامائەتنىڭ دۇئاسىغا ۋە مەدھىيىلىشىگە ئېرىشكەن.

بۇنىڭ بىلەن مەسچىت بىنا بولۇپ تەخمىنەن 50 يىلدىن كېيىن يەنى مىلادىيە 1921 ـ يىلى (ھىجرىيە 1340 ـ يىلى) تەرەققىيپەرۋەر ئەمەتخان دارىن پولات (1893 ـ 1945) يېتەكچىلىكىدە جامائەت كۈچى بىلەن مەسچىت نامازخانىسىدىن تەخمىنەن 15 مېتىر شەرق تەرەپكە ياغاچ ماتېرىيالىنى ئاساس قىلغان تاش، خىش قۇرۇلمىلىق پەشتاقلىق دەرۋازا ياسالغان. بۇ ھۈنەر ـ سەنئەت تەلەپ قىلىدىغان نازۇك قۇرۇلۇشىنى ئۆز ۋاقتىدا تامچىلىقتا داڭقى چىققان نىياز ئاخۇن تامچى ۋە ئۇنىڭ ئەقىللىق ئوغلى ئۆمەر ھاجى (1875 ـ 1949) باشچىلىقىدا ئىسلام ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ياساپ پۈتتۈرۈپ، ئەل ـ جامائەتنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

بۇ پەشتاقلىق دەرۋازىنىڭ ئومۇمىي ئېگىزلىكى 13 مېتىر بولۇپ، ئاستى 5 مېتىر، ئۈستى بالىخانا، دالانچە، پەشتاق، گۈمبەز ۋە قۇببە قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. ئەڭ ئۈستىگە مەسچىت سىمۋولى ئۈچۈن ھىلال ئاي چىقىرىلغان.

بۇ مەسچىتنىڭ پەشتاقلىق كۆركەم دەرۋازىسى 1921 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلىغا قەدەر مەسچىتنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە 16 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. 1937 ـ يىلىغا كەلگەندە ئەينى چاغدىكى ھاكىمىيەت دائىرىلىرىنىڭ نەنگۈەن يولىنى كېڭەيتىپ ياساش لايىھەسى بويىچە ئەينى چاغدىكى مەسچىتنىڭ پەشتاقلىق دەرۋازىسى يولغا چىقىپ قالغان سەۋەبلىك چېقىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان جامائەت ئامال بار ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە بىناكارلىق قۇرۇلۇشتا تەجرىبىلىك ئۆمەر ھاجىنى تەدبىر قوللىنىشقا تەكلىپ قىلغان. ئۆمەر ھاجى جامائەتنىڭ قوللىشى بىلەن پەشتاقلىق دەرۋازىنى بۇزماي ئۆز ئەينى غەرب تەرەپكە يۆتكەپ ساقلاپ قېلىش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۆمەر ھاجىنىڭ بۇ تەدبىرى ئەينى چاغدىكى توك ياكى ماشىنا ئۈسكۈنىلەر بولمىغان شارائىتتا جامائەتنى ھەيران قالدۇرغان. ئۆمەر ھاجى خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە مول تەجرىبىسىنى جارى قىلدۇرۇپ 20 نەپەر خىل، قابىل ياش ئىشچىلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن بەش تونىدىن ئارتۇق ئېغىرلىقتىكى 13 مېتىر ئېگىز دەرۋازىنى پەم بىلەن 7مېتىر غەرب تەرەپكە سۈرۈپ ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشتەك مۆجىزىنى يارىتىپ، ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

دېمەك، خانتەڭرى مەسچىتىنىڭ تارىختىكى پەشتاقلىق دەرۋازىسى 1921 ـ يىل ياسىلىپ 66 يىل مەسچىتنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ، 1986 ـ يىلى مەسچىتنى يېڭىلاپ سېلىش پىلانى تەقەززاسى بىلەن بىر تۇتاش چېقىۋېتىلگەن.

**خانتەڭرى مەسچىتىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق يېڭىلاپ ياسىلىشى**

1882 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىم يېڭىلاپ ياسالغان مەسچىت 102 يىل مەۋجۇت بولۇپ 1984 ـ يىلغا كەلگەندە بىر قىسىم تۈۋرۈكلىرى دەز كېتىپ سۇنۇپ، 30 گرادۇس قىيسايغان، تاملىرىغا چاك كەتكەن، دېرىزە، ئىشىكلىرى قېيىپ، ئېچىلماس، يېپىلماس بولۇپ قالغان.

بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش مەھكىمىسىنىڭ تېخنىكلىرى 1984 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى نەق مەيدانغا كېلىپ تەپسىلىي ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق خەتەرلىك ئىمارەت ھېسابلاپ ئادەم كىرىشىنى چەكلەپ، دەرھال يېپەتلىگەن ھەم باشقىدىن يېڭىلاپ سېلىشقا تەكلىپ بەرگەن.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جامائەت مەسچىتنى هازىرقى زامان تەرەققىياتىغا لايىق باشقىدىن يېڭىلاپ پۇختا سېلىش تەسەۋۋۇر پىلانىنى تۈزگەن. بۇ پىلان تۈزۈلگەن ۋاقىت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ھەممە ساھەدە جىددىي تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتقان مەزگىل ئىدى. مەسچىت تەرەپ بۇ پائالىيەتكە يېقىندىن ماسلىشىپ، مۇناسىۋەتلىك باشقۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ تەكلىپى بىلەن جامائەتنىڭ نامزات كۆرسىتىپ سايلىشى ئارقىلىق ئەزىز هاجى ئەمەت (1923 ـ 2014)، داۋۇت پازىل هاجى (1920 ـ 1991)، تۇرسۇن هاجى قايىت (1930 ـ 1994)، هامۇتخان هاجى يۈسۈپ (1911 ـ 2001) قاتارلىق جامائەت ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان مەسچىت قۇرۇلۇش هەيئىتى قورۇلغان. هامۇتخان هاجى ئاساسلىقى قۇرۇلۇش بوغالتىرلىق خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

قۇرۇلۇش هەيئىتى جامائەتنىڭ هاۋالىسى بىلەن مەسچىت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كۆرگەن. ئالدى بىلەن ئەڭ مۇھىمى مەبلەغ جۇغلاش ئۈچۈن ئىئانە توپلاشنى چىڭ تۇتقان. يەنە بىر تەرەپتىن مەسچىت قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ قانۇنىي رەسمىيەتلىرىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە كىرىشكەن.

قۇرۇلۇش لايىهەسىنى بىڭتۇەن 1 ـ قۇرۇلۇش دىۋىزىيەسى قۇرۇلۇش مەھكىمىسىنىڭ داڭلىق ئارخىتېكتورى لى زومى تۈزگەن. چېرتيوژ ـ خەرىتىسىنى شۇ مەھكىمىنىڭ باش ئىنژېنېرى بى يۈشا سىزىپ چىققان. لايىهە ـ خەرىتە جامائەتتىن پىكىر ئېلىپ بېكىتىلگەن.

1985 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، مەسچىت قۇرۇلۇش هەيئىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك هۆكۈمەتكە دوكلات يېزىپ، مەسچىت قۇرۇلۇش قىلىشنى تەستىقلاپ بېرىش ۋە يېتىشمىگەن كەم مەبلەغنى ھەل قىلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن شەھەرلىك هۆكۈمەت ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار مەسچىت قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ ، كۆپلىگەن ياخشى ئىشلارنى بېجىرىپ مەسچىت قۇرۇلۇشىنى قوللىغان.

مەسچىت قۇرۇلۇش هەيئىتى مۇزاكىرە قىلىپ پىكىر بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، بۇ قېتىمقى مەسچىت يېڭى قۇرۇلۇشى 1986 ـ يىلى2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى توختام ئارقىلىق بىڭتۇەن قۇرۇلۇش دېۋىزىيەسىنىڭ 2 ـ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىگە هۆددىگە بېرىلگەن.

دېمەك، بۇگۈنكى هەيۋەتلىك خانتەڭرى مەسچىتى قۇرۇلۇشى 1984 ـ يىلدىن باشلاپ تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق 1986 ـ يىلى رەسمىي قۇرۇلۇش باشلاپ، 1987 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغان. بۇ قۇرۇلۇش شۇ ۋاقىتنىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى باھاسى بويىچە ئىككى مىليون 680 مىڭ يۈەن بىلەن پۈتكەن. بۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى شۇ چاغدا ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسى ئىئانە قىلغان. مەرھۇم رەھمىتۇللا قارىي هاجى، ئابدۇرەھىم هاجى ئىمىن، خوتەنلىك مەرھۇم سەمى هاجى قاتارلىق تىجارەتچىلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بېرىپ مەسچىت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.

خانتەڭرى مەسچىتىنىڭ بۇرۇنقى ئومۇمىي كۆلىمى 6453.45 كۋادرات مېتىر، يېڭى ياسالغان مەسچىت بىناسىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 737 كىۋادرات مېتىر، مەسچىت بىناسىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 2800 كۋادرات مېتىر، قوشۇمچە ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 711 كۋادرات مېتىر، مەسچىت سەيناسىنىڭ ئومۇمىي (مەيدانى) كۆلىمى 1470 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

# ھەدىس شەرھىسىنىڭ تەرجىمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر

## كتاب الإيمان[1] (ئىمان ھەققىدە)

4. عَنْ عُبَادَةَ بْنَ الصَّامِتِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ وكَانَ شَهِدَ بَدْرًا وَهُوَ أَحَدُ النُّقَبَاءِ لَيْلَةَ الْعَقَبَةِ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: — وَحَوْلَهُ عِصَابَةٌ مِنْ أَصْحَابِه — « بَايِعُونِي عَلَى أَنْ لاَ تُشْرِكُوا بِاللهِ شَيْئًا ولاَ تَسْرِقُوا وَلاَ تَزْنُوا وَلا تَقْتُلُوا أَوْلاَدَكُمْ وَلاَ تَأْتُوا بِبُهْتَانٍ تَفْتَرُونَهُ بَيْنَ أَيْدِيكُمْ وَأَرْجُلِكُمْ وَلاَ تَعْصُو فِي مَعْرُوفٍ فَمَنْ وَفَى مِنْكُمْ فَأَجْرُهُ عَلَى اللهِ وَمَنْ أَصَابَ مِنْ ذَلِكَ شَيْئًا فَعُوقِبَ فِي الدُّنْيَا فَهُوَ كَفَّارَةٌ لَهُ ومَنْ أَصَابَ مِنْ ذَلِكَ شَيْئًا ثُمَّ سَتَرَهُ اللهُ فَهُوَ إِلَى اللهِ إِنْ شَاءَ عَفَا عَنْهُ وَإِنْ شَاءَ عَاقَبَهُ فَبَايَعْنَاهُ عَلَى ذَلِكَ»

بەدىر غازىتىغا قاتناشقان، ئەقەبە بەيئىتى كېچىسىدە ۋەكىللەردىن بىرى بولغان ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا بىر تۈركۈم ساھابىلىرى بار ھالدا مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: «سىلەر ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە؛ ئوغرىلىق قىلماسلىققا؛ زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە؛ يۈز تۇرانە گەپ توقۇپ (بالىلاردىن تېنىپ) بوھتان قىلماسلىققا؛ بۇيرۇلغان ياخشى ئىشتا باش تارتماسلىققا ماڭا ئەھدە بېرىڭلار. كىم (ئەھدىگە) ۋاپا قىلسا ئۇنىڭ ساۋابى ئاللاھ تەرىپىدىن (بېرىلىدۇ). كىم ئاشۇ (ئىش) لاردىن بىرەرسىنى قىلىپ، بۇ دۇنيادا جازالانسا، ئۇ ئۇنىڭ كاپارىتى، كىم ئاشۇ (ئىش) لاردىن بىرەرسىنى قىلسا، (جازالانماي) ئاللاھ ئۇنى ياپسا، ئۇ (يېپىش) ئاللاھقا مەنسۇپ؛ ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ، ئاللاھ خالىسا جازالايدۇ»

بىز شۇ بويىچە رەسۇلۇللاھقا ئەھدە بەردۇق.

### المعنى العام (ئۇمۇمى مەنىسى)

قبل الهجرة بعام وبعض العام تعرض رسول الله صلى الله عليه وسلم لجماعة من المدينة في موسم الحج، وفي عقبة منى بايعهم على الإسلام وعلى أن يخبروا من وراءهم من أهل المدينة، وكانوا اثنى عشر رجلا، من بينهم عبادة بن الصامت وتسمى هذه البيعة بيعة العقبة الأولى، وفي الموسم الثاني للحج قدم مسلما جمع كبير من أهل المدينة، قيل إنهم كانوا ثلاثة وسبعين رجلا وامرأتين واجتمع بهم صلى الله عليه وسلم ولكثرتهم طلب منهم نقباء عنهم يبايعهم، فكان من النقباء عبادة بن الصامت، وبايعوا رسول الله صلى الله عليه وسلم على السمع والطاعة في النشاط والكسل وعلى الأمر بالمعروف والنهي عن المنكر، وعلى أن يقولوا الحق ولا يخافوا في الله لومة لائم، وعلى أن ينصروا رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا قدم عليهم يثرب، فيمنعوه مما يمنعون منه أنفسهم وأزواجهم وأبناءهم، ولهم الجنة.

ھىجرەتتىن بىر يىل ياكى بىر يىلدىن كەمرەك ۋاقىت ئىلگىرى رەسۇلۇللاھ (ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ۋە سالامى ئۇنىڭغا بولسۇن) ھەج مەۋسۇمىدە مەدىنىدىن كەلگەن بىر توپ كىشىلەرگە يولۇقتى، مىنانىڭ

---

[1] «المنهل الحديث في شرح الحديث»دىن بىرىلدى. بېشى ئالدىنقى سانلاردا.

«ئەقەبە» دېگەن يېرىدە ئۇلاردىن ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلىشقا ئۆزلىرىدىن كېيىنكى مەدىنىلىكلەرگە (بۇ ئەلچىلىكنى) يەتكۈزۈشكە ئەھدە ئالدى، ئۇلار ئون ئىككى كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇبادە ئىبنى سامىت بار ئىدى، بۇ بەيئەت قىلىش ئەقەبە بىرىنچى بەيئىتى دەپ ئاتالدى. ھەجنىڭ ئىككىنچى مەۋسۇمىدا مۇسۇلمان بولغان زور بىر تۈركۈم مەدىنىلىكلەر يېتىپ كەلدى، ئېيتىلىشىچە ئۇلار يەتمىش ئۈچ ئەر ۋە ئىككى ئايال ئىدى. ئۇلار بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇچراشتى، ئۇلار كۆپ بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلىدىغان ۋەكىللىرىنىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇبادە ئىبنى سامىت شۇ ۋەكىللەردىن ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا :«مەيلى روھلىرى كۆتۈرەڭگۈ ـ جۇشقۇن ھالەتتە بولسۇن ۋە روھسىز ـ بوشاڭ ھالەتتە بولسۇن گەپنى ئاڭلاشقا، ئىتائەت قىلىشقا؛ ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇشقا، يامان ئىشلاردىن توسۇشقا؛ ھەق سۆزنى ئېيتىشقا؛ ئاللاھ ئۈچۈن ھەر قانداق تاپا ـ مالامەتتىن قورقماسلىققا؛ ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەسرەپ (مەدىنە) گە ئۇلارنىڭ يېنىغا بارسا ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە، ئۆزلىرىنى، ئاياللىرىنى، پەرزەنتلىرىنى قوغداپ قالغان ئىشتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىمۇ قوغداپ قېلىشقا، (ئۇنىڭ بەدىلىگە)ئۆزلىرىگە جەننەتنىڭ بارلىقىغا؛ ئەھدە بەردى.

وهذه هي بيعة العقبة الثانية، وبها سمي المسلمون من أهل المدينة بالأنصار، وبعد فتح مكة حين جاءت المؤمنات مهاجرات بايعهن رسول الله صلى الله عليه وسلم على أن لا يشركن بالله شيئا ولا يسرقن، ولا يزنين ولا يقتلن أولادهن ولا يأتين ببهتان يفترينه بين أيديهن وأرجلهن، ولا يعصين رسول الله صلى الله عليه وسلم في معروف. وتسمى هذه البيعة بيعة النساء، ثم بايع رسول الله صلى الله عليه وسلم الرجال على ما بايع عليه النساء، وقال لهم: من وفى وحافظ، ولم يفعل شيئا من هذه المنهيات فأجره على الله، ومن أصاب من هذه النواهي شيئا، فعوقب به في الدنيا فهو كفارة له، ولا يجمع الله عليه عقوبتين. ومن أصاب من هذه الكبائر شيئا ثم ستره الله، فلم يعاقب به في الدنيا فأمره في الآخرة إلى الله، إن شاء عفا عنه وسامحه وغفر له، وإن شاء عاقبه. وكان عبادة بن الصامت ممن حضر هذه البيعة، كما كان ممن حضر بيعة الرضوان تحت الشجرة، عام الحديبية رضي الله عنه وأرضاه، ورضي عن الصحابة.

بۇ ئەقەبە ئىككىنچى بەيئىتى. ئۇ (بەيئەت) سەۋەبىدىن مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار «ئەنسارلار» (ياردەم بەرگۈچىلەر) دەپ ئاتالدى. مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ئايال مۆمىنلەر ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن «ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىككە، يۈز تۇرانە گەپ توقۇپ (باشقىلارنىڭ بالىسىنى ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىپ كۆرسىتىپ) بوھتان قىلماسلىققا، بۇيرۇلغان ياخشى ئىشلاردا رەسۇلۇللاھقا ئاسىيلىق قىلماسلىققا» ئەھدە ئالدى. بۇ بەيئەت قىلىش «ئاياللار بەيئىتى» دەپ ئاتالدى. ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەرلەردىن ئاياللاردىن ئەھدە ئالغان ئىشلارغا ئەھدە ئالدى ۋە ئۇلارغا مۇنداق دېدى:« كىمكى (ئەھدىگە) ۋاپا قىلسا، ۋە رىئايە قىلسا، چەكلەنگەن ئىشلاردىن بىرەرسىنى قىلمىسا، ئۇنىڭ ساۋابى ئاللاھ تەرىپىدىن (بېرىلىدۇ). كىمكى بۇ چەكلەنگەن ئىشلاردىن بىرەرسىنى سادىر قىلسا، ۋە بۇ دۇنيادا شۇ (ئىش) بىلەن جازالانسا، ئۇ (جازا) ئۇنىڭ ئۈچۈن كاپارەتدۇر، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىككى جازانى ئارتمايدۇ. كىمكى بۇ چوڭ گۇناھلاردىن بىرەرسىنى سادىر قىلسا، ئاندىن ئاللاھ ئۇنى ياپسا، بۇ دۇنيادا ئۇ (گۇناھ) بىلەن جازالانمىغان بولسا، ئۇنىڭ

ئاخىرەتتىكى ئىشى ئاللاھقا (تاپشۇرۇلغان)، ئاللاھ خالىسا ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ، ئۇنى كەچۈرىدۇ، ئۇنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ۋە ئاللاھ خالىسا ئۇنى جازالايدۇ. ئۇبادە ئىبنى سامىت بۇ بەيئەتكە قاتناشقانلاردىن بىرى ئىدى. شۇنداقلا ئۇ ھۇدەيبىيە يىلى دەرەخ تۈۋىدىكى «رىزۋان بەيئىتى» گە قاتناشقانلاردىن بىرى. ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي، ۋە ئۇنىمۇ رازى قىلغاي، ئاللاھ ساھابىلەردىنمۇ رازى بولغاي.

## المباحث العربية (ئەرەب تىلى جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەر)

«عن عبادة بن الصامت أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال» هذا التركيب كثير في الروايات، والجار والمجرور فيه وفي مثله متعلق بفعل محذوف، و"أن" وما دخلت عليه في تأويل مصدر نائب فاعل للفعل المحذوف، والتقدير: روي عن عبادة قول رسول الله صلى الله عليه وسلم.

«عن عبادة بن الصامت أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال» (ئۇبادە ئىبنى سامىتتىن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدى) قۇرۇلمىسى رىۋايەتلەردە كۆپ. ئۇنىڭدىكى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلاردىكى ئالد قوشۇلغۇچى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلغۇچى (اَلْجَارُّ وَالْمَجْرُورُ) چۈشۈپ قالغان پېئىلغا باغلىنىلغان، قىياسى مەستەردىكى أَن ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەلگىنى چۈشۈپ قالغان پېئىلنىڭ ۋەكىل پائىلى. قىياس قىلىنىشى: «رُوِىَ عَنْ عُبَادَةَ قَوْلُ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهِ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ» (ئۇبادەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ. . .دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدى)

«وحوله عصابة من أصحابه» "حول" ظرف مكان خبر مقدم، و"عصابة" مبتدأ مؤخر، والجملة في محل نصب حال من فاعل "قال" والعصابة بكسر العين الجماعة من الناس، وهي ما بين العشرة والأربعين

«وَحَوْلَهُ عِصَابَةٌ مِنْ أَصْحَابِهِ» (ئەتراپىدا ساھابىلەردىن بىر توركۇم كىشى بار ھالدا) دىكى «حَوْل» - ئورۇن رەۋىشى، ئالدىدا كەلگەن خەۋەر؛ «عِصَابَةٌ» (بىر توركۇم كىشى) - كېيىن كەلگەن مۇبتەدا؛ بۇ جۈملە ئورۇن جەھەتتە چۈشۈم كېلىشتە، «قال» پېئىلىنىڭ پائىلى (ئىگىسى) نىڭ ھالىتى؛ «ع» ھەرپى كەسرىلىك كەلگەن «اِلْعِصَابَة» - بىر توركۇم كىشى (الجماعة من الناس) مەنىسىدە؛ ئۇلار-ئون بىلەن قىرىق ئارىلىقىدىكى كىشىلەر.

وذكر هذه الجملة للتوثيق بالرواية، وأن الراوي يذكر الحديث بجميع ظروفه وهيئاته.

بۇ جۈملىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى- رىۋايەت قىلىشنى ۋە رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ بۇ ھەدىسنى ئۆزىنىڭ بارلىق شارائىتلىرى ۋە ھالەتلىرى بىلەن تىلغا ئالغانلىقىنى ئىشەنچلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن.

«بايعوني» المبايعة في الأصل المعاوضة المالية، والمراد منها هنا المعاهدة وهي شبيهة بالبيع لما أن كلا من المتعاهدين يبذل ما عنده للآخر، فالرسول صلى الله عليه وسلم يبذل الوعد بالثواب والجنة، وهم هنا يبذلون الوعد بالطاعة.

«بَايِعُونِى» (ماڭا ئەھدە بېرىڭلار) دىكى «بَايَعَ مُبَايَعَةً» پېئىلى ئەسلىدە «بىرىگە ئۇنىڭ يوقىتىپ قويغان نەرسىسىنىڭ ئورنىدا تولۇقلىما بېرىش، ئىقتىسادىي تولۇقلىما بېرىش (اَلْمُعَاوَضَةُ الْمَالِيَّةُ)» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى «ئەھدە بېرىش» (اَلْمُعَاهَدَةُ)، ئەھدىلەشكۈچىنىڭ ھەر بىرى ئۆزىدە بار نەرسىنى يەنە بىرىگە بېغىشلىيالىغانلىقى ئۈچۈن، بەيئەت قىلىش بەئەينى (سودا-سېتىق) قا ئوخشىتىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساۋاب، جەننەت بىلەن چىن كۆڭلىدىن ۋەدە قىلدى، ئۇلار بۇ يەردە ئىتائەت قىلىشقا چىن كۆڭلىدىن ۋەدە قىلدى.

«وَلا تَسرِقوا» المفعول محذوف للتعميم، أي لا تسرقوا شيئا ما، أو الفعل منزل منزلة اللازم، أي لا يكن منكم سرقة.

«وَلا تَسرِقوا» (ئوغرىلىق قىلماسلىقا) بېئەتلىنىڭ تولدۇرغۇچىسى (ئوغرىلىنىدىغان نەرسىلەرگە ئام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن چۈشۈپ قالغان، يەنى «وَلا تَسرِقوا شيئا ما» (بىرەر نەرسىنى ئوغرىلىماسلىق) دېگەن مەنىدە بولىدۇ. ياكى پېئىل ئۆتۈمسىز پېئىلنىڭ ئورنىدا كەلگەن، يەنى « لاَ يَكُنْ مِنْكُمْ سَرَقَةً » (ئاراڭلاردا ئوغرىلار بولمىسۇن) دېگەن مەنىدە بولىدۇ.

«ولا تقتلوا أولادكم» بنين كانوا أم بنات مخافة العار أو الحاجة، وخص القتل بالأولاد لأنه كان شائعا فيهم، أو لأنهم لا يستطيعون الدفاع عن أنفسهم.
« وَلاَ تَقْتُلُوا أَوْلاَدَكُمْ » (باللىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە): مەيلى ئۇلار ئوغۇللار بولسۇن، ياكى قىزلار بولسۇن ئار ـ نومۇس ياكى موهتاجلىقتىن قورقۇپ (ئۆلتۈرمەسلىككە) ؛ ئۆلتۈرۈش باللارغا خاسلىنىلدى، چۈنكى باللارنى ئۆلتۈرۈش ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارالغان، ياكى باللار ئۆزلىرىنى قوغدىيالمايدۇ.

«ولا تأتوا ببهتان تفترونه بين أيديكم وأرجلكم» البهتان الكذب الذي يبهت سامعه، أي يدهشه لفحشه وفظاعته، وأصل هذا التعبير كان في بيعة النساء، كنى بذلك عن نسبة المرأة الولد الذي تزني به أو تلتقطه إلى زوجها زورا وبهتانا، فلما استعمل في بيعة الرجال كما هو، حمل على المباشرة مطلقا والمواجهة بالكذب، إذ ما بين الأيدي والأرجل هو المواجه للآخرين.
«وَلاَ تَـأْتُوا بِبُهْتَانٍ تَفْتَرُونَه بَيْنَ أَيْدِيكُمْ وَأَرْجُلِكُمْ» (يۈز تۇرانە گەپ توقۇپ (باللىرىڭلاردىن تېنىپ) بوهتان قىلماسلىققا) بوهتان ـ قەبىھلىكى، ۋەھىمىلىكلىكى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنى ھەيران قالدۇرىدىغان يالغان. بۇ خىل ئىپادىلەش ئەسلىدە «ئاياللار بەيئىتى» دە كەلگەنىدى. ئاشۇ (ئىپادە) بىلەن ئاياللىنىڭ زىنادىن قورساق كۆتۈرگەن باللىنى ياكى تېپىۋالغان باللىنى يالغان سۆزلەپ، بوھتان قىلىپ ئېرىگە تەۋە قىلىۋېلىشىغا كىنايە قىلىنغان. ئۇ (ئىپادە) ئەرلەر بەيئىتىدە كەلگىنىدەك ئىشلىتىلسە يالغانچىلىق بىلەن بىمالال «بىۋاستە شۇغۇللىنىش»، يالغان بىلەن «يۈز تۇرانە شۇغۇللىنىش» مەنىسىنى ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى پۇت ـ قول ئارىسىدىكى ئەزالار باشقىلارغا يۈزلىنىپ تۇرغۇچىدۇر.

«ولا تعصوا في معروف» مفعوله محذوف، جاء في رواية "ولا تعصوني" قال النووي: يحتمل أن يكون حذفه للتعميم، أي لا تعصوني ولا تعصوا أحدا من أولي الأمر في معروف، والمعروف ما عرف من الشارع حسنه، أمرا أو نهيا.
« وَلاَ تَعْصَوْا فِى مَعْرُوفٍ » (بۇيرۇلغان ياخشى ئىشتا باش تارتماسلىققا) دىكى پېئىلنىڭ تولدۇرغۇچىسى چۈشۈپ قالغان، بىر رىۋايەتتە « وَلاَ تَعْصَوْنِى » (ماڭا ئاسىيلىق قىلماسلىققا) ـ دەپ كەلدى، نەۋەۋي مۇنداق دېدى: «ئۇنىڭ چۈشۈپ قېلىشى (چەكلىنىلمىگەنلىكى) ئام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، يەنى: بۇيرۇلغان ياخشى ئىشتا ماڭا ئاسىيلىق قىلماسلىققا ۋە ئىش ئۈستىدىكىلەردىن بىرەر سىگە ئاسىيلىق قىلماسلىققا؛ بولۇشى مۇمكىن. « ياخشى ئىش (اَلْمَعْرُوفُ) » شەرىئەت قانۇنىنى بەلگىلىگۈچى تەرىپىدىن ياخشى دەپ تونۇلغان بۇيرۇلغان ياكى توسۇلغان ئىش».

«فمن وفى منكم فأجره على الله» "وفى" بالتخفيف والتشديد بمعنى، أي فمن ثبت على العهد، وأدى العهد وافيا، وأبهم الأجر للتفخيم، لأن الأجر من الكريم لا يكون إلا عظيما، وقد عين هذا الأجر في رواية في الصحيحين إذ قال "فأجره على الله بالجنة" وذكر "على" في "على الله" للدلالة على تحقق الوقوع، كالواجبات، لأن الله لا يجب عليه شيء.
«فَمَنْ وَفَى مِنْكُمْ فَـأَجْرُهُ عَلَى اللهِ» (كىم {ئەھدىگە} ۋاپا قىلسا، ئۇنىڭ ساۋابى ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلىدۇ). يەڭگىللەشتۈرۈش بىلەن كەلگەن «وَفَى» بىلەن شەددىلىك كەلگەن «وَفَّى» بىر مەنىدە. يەنى:

«كىمكى ۋاپادار بولغان، ئەجرىنى كۆپتۈرۈشتىن يىراق بولغان ھالدا ئەھدىدە چىڭ تۇرسا، ۋە ئەھدىنى ئادا قىلسا» دېگەن مەنىدە بولىدۇ؛ چۈنكى سېخىي ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئەجىر (مۇكاپات) پەقەتلا ئۇلۇغ بولىدۇ. بۇ ئەجىر ئىككى سەھىھ ھەدىس كىتابىدىكى بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ كەلدى: « فَأَجْرُه عَلَى اللهِ بِالْجَنَّةِ » (ئۇنىڭ ئەجرىنى جەننەت بىلەن {مۇكاپاتلاش} ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ) « عَلَى اللهِ » ئىبارىسىدە « عَلَى » نىڭ تىلغا ئېلىنىشى خۇددى مەجبۇرىيەتلەرگە ئوخشاش ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كەلگەن. چۈنكى ئاللاھقا ھېچبىر نەرسە مەجبۇرىيەت ھېسابلانمايدۇ.

«ومن أصاب من ذلك شيئا» الإشارة للمنهيات المذكورة، والمراد ما عدا الشرك، إذ خرج بدليل آخر كقوله: ﴿إِنَّ اللهَ لاَ يَغْفِرُ أَنْ يُشرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَنْ يَشَاءُ﴾

« وَمَنْ أَصَابَ مِنْ ذَلِكَ شَيْئًا » (كىمكى ئاشۇ {ئىش} دىن بىرەرسىنى سادىر قىلسا) دىكى كۆرسىتىش ئالماش « ذَلِكَ » يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان چەكلەنگەن ئىشلار ئۈچۈن كەلگەن، كۆزدە تۇتۇلغىنى ـ شېرىك كەلتۈرۈشتىن باشقىلىرى. چۈنكى ئۇ (شېرىك كەلتۈرۈش) ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدىكىدەك يەنە بىر دەلىل بىلەن چىقىرىۋېتىلدى: «ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.» (نىسا سۈرىسى 48 ـ ئايەت)

«فعوقب في الدنيا» في رواية "فعوقب به في الدنيا" بالحد أو القصاص مثلا.

«فَعُوقِبَ فِي الدُّنْيَا» (بۇ دۇنيادا جازالانسا). بىر رىۋايەتتە «فَعُوقِبَ به فِي الدُّنْيَا» (بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ بىلەن {مەسىلەن: قانۇنى جازا بىلەن ياكى قىساس ئېلىش بىلەن} جازالانسا) دەپ كەلدى.

«فهو كفارة له» أي فالعقاب الدنيوي كفارة وطهور، كذا جاء في رواية الإمام أحمد.

« فَهُوَ كَفَّارَةٌ له » (ئۇ ئۇنىڭ كاپارىتى) يەنە : بۇ دۇنيادىكى جازا كاپارەت (گۇناھنى يۇيغۇچى)، پاكلىغۇچى بولىدۇ. ئىمامى ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدە ئاشۇنداق كەلگەن.

«ثم ستره الله» قال بعضهم عطف هنا بثم، وعطف "فعوقب" بالفاء للتخويف من الوقوع في المعصية لأن السامع إذا علم أن العقوبة تعقب وتفاجئ المعصية خاف ونفر، بخلاف الستر فإنه متراخ بعيد.

« ثُمَّ سَتَرَهُ اللهُ » (ئاندىن ئاللاھ ئۇنى ياپسا) بەزىلەر : «بۇ يەردە {جۈملە} ثُمَّ بىلەن باغلانغان، «فَعُوقِبَ» نى «ف» بىلەن باغلاش گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن ئەنسىرەشنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن كەلگەن، چۈنكى ئاڭلىغۇچى جازانىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە ئەگىشىپلا كېلىدىغانلىقى، تۇيۇقسىز كېلىدىغانلىقىنى بىلسە (گۇناھ) يۇشۇرۇلمىغانلىق سەۋەبىدىن قورقىدۇ ۋە چۆچۈيدۇ. شۇڭا ئۇ (يوشۇرۇش) (گۇناھ ئۆتكۈزۈش بىلەن) ئۇلىشىپ كەلمىگۈچى، ئارىسى يىراق بولغۇچىدۇر» :ـ دېدى.

## فقه الحديث (ھەدىسشۇناسلىق)

المسألة الرئيسية في هذا الحديث: هل الحدود كفارات للذنوب لا يعاقب عليها في الآخرة؟ أو ليست كفارات؟ وبعبارة الفقهاء: هل الحدود جوابر؟ أو زواجر؟ أي هل هي تجبر صاحب المعصية وتنقيه من الذنب؟ أو هي لزجره وزجر غيره، وعليه عقوبة أخروية؟ للعلماء في هذه المسألة ثلاثة مذاهب. قيل: جوابر، وقيل: زواجر، وقيل: بالتوقف. ولكل أدلته.

بۇ ھەدىستىكى مەركىزىي مەسىلە: قانۇنىي جاز اگۇناھلارنى پاكلىغۇچىمۇ، ئۇ گۇناھلارغا ئاخىرەتتە جازا بېرىلمەمدۇ، ياكى قانۇنىي جازا گۇناھنى پاكلىغۇچى ئەمەسمۇ؟ ئىسلام قانۇنشۇناسلىرىنىڭ سۆزى بويىچە : قانۇنىي جازا تۈزەش ۋاستىسىمۇ ياكى توسۇش ۋاستىسىمۇ؟ يەنى : قانۇنىي جازا گۇناھ

ئۆتكۈزگۈچىنى تۈزەمدۇ، ئۇنى گۇناھتىن پاكلامدۇ؟ ياكى ئۇ (قانۇني جازا) گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىنى توسۇش ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلارنىمۇ توسۇش ئۈچۈنمۇ؟ ئۇنىڭغا ئاخىرەتلىك جازا لازىم بولامدۇ؟ ئالىملارنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدە ئۈچ خىل قارىشى بار : (قانۇني جازا) تۈزەش ۋاسىتىسى دېيىلدى، ـ توسۇش ۋاسىتىسى دېيىلدى ـ كۆتۈش بىلەن (كاپارەت) دېيىلدى، ھەر بىرىنىڭ دەلىللىرى بار.

وقبل التفصيل والتدليل نسارع بأن قتل المرتد على ارتداده غير داخل في المسألة، فلا نقاش في أن قتله غير مكفر لذنبه، وخروجه من العموم الظاهر في الحديث من قوله "ومن أصاب من ذلك شيئا" حيث إن الإشارة للمذكورات وأولها "أن لا تشركوا بالله شيئا" هذا العموم – كما قال النووي – خصص بقوله تعالى : ﴿إن الله لا يغفر أن يشرك به ويغفر ما دون ذلك لمن يشاء﴾

تەپسىلىي بايان قىلىش ۋە دەلىل كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى بىر ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىدىن (كۇفرىغا) يانغۇچىنىڭ يانغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىشى بۇ مەسىلىنىڭ ئىچىدە ئەمەسلىكىگە ئۆتىمىز. چۈنكى ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۇنىڭ گۇناھىنى پاكلىغۇچى ئەمەسلىكىدە، ھەدىستە «كىمكى ئاشۇ ئىشلاردىن بىرىنى سادىر قىلسا» دەپ ئىپادىلەنگەن ئومۇملۇقنىڭ سىرتىدا ئىكەنلىكىدە ھېچبىر تالاش ـ تارتىش يوق، چۈنكى كۆرسىتىش ئالماش «ذلك» بىرىنچىسى «ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە» دېگەن ئىبارە بولغان بىر قانچە تىلغا ئېلىنغان ئىبارىلەر ئۈچۈن كەلگەن. بۇ ئومۇملۇق ـ نەۋەۋىي ئېيتقاندەك ـ «ئاللاھ ھەققەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ» ـ دېگەن ئايەتتە خاسلىنىلغان.

وبعض العلماء يجعل الإشارة لما ذكر بعد الشرك، بقرينة أن المخاطب بذلك المسلمون، فلا يدخل الشرك حتى يحتاج إلى إخراجه، ويؤيد هذا الفريق ما جاء في مسلم عن عبادة في هذا الحديث "ومن أتى منكم حدا" إذ القتل على الشرك لا يسمى حدا، ورد الحافظ ابن حجر على هذا الرأي ورجح توجيه النووي، فقال: إن خطاب المسلمين بذلك لا يمنع من التحذير من الإشراك وما ذكر في حقيقة الحد عرفي، فالصواب ما قال النووي.

بەزى ئالىملار «ذلك» بىلەن خىتاب قىلىنىغۇچى مۇسۇلمانلار ـ دېگەن تىل پاكىتى بىلەن (كۆرسىتىش ئالماش بىلەن) ئىشارە قىلىشىنى شېرىك كەلتۈرۈشتىن كېيىن تىلغا ئېلىنغانلىرى ئۈچۈن قىلىدۇ، ئۇ (كېيىن تىلغا ئېلىنغانلىرى) ئۇ (شېرىك كەلتۈرۈش) نى چىقىرىۋېتىشقا ھاجەت بولغانلىقى ئۈچۈن شېرىك كەلتۈرۈشنى كىرگۈزمەيدۇ، بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنى «مۇسلىم» كىتابىدىكى «سىلەردىن كىم قانۇني جازاغا تارتىلسا» دېگەن ھەدىستە ئۇبادە دىن رىۋايەت قىلىنىپ كەلگىنى قوللايدۇ؛ چۈنكى شېرىك كەلتۈرگەنلىكتىن ئۆلتۈرۈش جازا دەپ ئاتالمايدۇ. ئىبنى ھەجەر بۇ قاراشنى رەد قىلدى ۋە نەۋەۋىنىڭ كۆرسەتكىنىنى ئەۋزەل دەپ قارىدى ۋە مۇنداق دېدى :« مۇسۇلمانلارنى «ذلك» بىلەن خىتاب قىلىش شېرىك كەلتۈرۈشكە ئىجرائىي جازا بېرىشنى چەتكە قاقمايدۇ، قانۇني جازانىڭ ھەقىقىي مەنىدە تىلغا ئېلىنغىنى ئادەت خاراكتېرلىك مەنا، شۇڭا توغرىسى نەۋەۋىينىڭ ئېيتقىنى.

**نعود إلى آراء العلماء وأدلتهم فنقول :**

**بىز ئالىملارنىڭ قاراشلىرى ۋە دەلىللىرىگە قايتىپ مۇنداق دەيمىز :**

إن القائلين : بأن الحدود كفارات وجوابر، ولو لم يتب المحدود، هم الجمهور، ويستدلون بظاهر هذا الحديث، فهو صريح بأن من أصاب حدا فعوقب به في الدنيا، فهو كفارة له، ثم إن عبادة بن الصامت لم ينفرد برواية هذا الحكم، بل روى ذلك أيضا عن علي بن أبي طالب رضي الله عنه، كما أخرجه الترمذي وصححه الحاكم، وفيه "من أصاب

ذنبا، فعوقب به في الدنيا، فالله أكرم من أن يثني العقوبة على عبده في الآخرة" وللطبراني عن ابن عمر مرفوعا" ما عوقب رجل على ذنب إلا جعله الله كفارة لما أصاب من ذلك الذنب" ومن أدلتهم حديث ماعز والغامدية، إذ اعتبر الرسول صلى الله عليه وسلم إقامة الحد توبة فقال: "لقد تاب توبة لو قسمت بين أمة لوسعتهم."

«قانۇني جازا ـ جازالانغۇچى تەۋبە قىلمىسىمۇ ـ گۇناھتىن پاكلىغۇچى ۋە تۈزەش ۋاسىتىسى ـ» دېگۈچىلەر ھەقىقەتەن كۆپ سانلىق، ئۇلار بۇ ھەدىسنىڭ ئۇدۇل مەنىسى بىلەن دەلىل كەلتۈرىدۇ. ئۇ (ئۇدۇل مەنە) ـ «قانۇني جازاغا تارتىلغان، بۇ دۇنيادا جازالانغان كىشىگە ئۇ (قانۇني جازا) كاپارەت ئىكەنلىكى » بىلەن روشەن: ئاندىن قالسا، ئۇباده ئىبنى سامىت بۇ ھۆكۈمنى يالغۇز رىۋايەت قىلمىدى بەلكى ئاشۇ يەنە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرىپىدىنمۇ رىۋايەت قىلىندى، شۇنداقلا تىرمىزى بۇ ھەدىسنى نەقىل قىلدى، ھاكىم بۇ ھەدىسنى سەھىھ ھەدىس دەپ قارىدى، بۇ ھەدىستە مۇنداق كەلدى : «كىمكى بىر گۇناھ ئۆتكۈزسە ۋە شۇ (گۇناھ) بىلەن بۇ دۇنيادا جازالانسا، ئاللاھ ئاخىرەتتە بەندىسىنى يەنە بىر جازالاشتىن بەكمۇ ئەپۇچاندۇر». تەبەرانىينىڭ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنداق بىر مەرفۇئ ھەدىسى بار: «بىر كىشىنىڭ بىر گۇناھ بىلەن جازالىنىشىنى ئاللاھ پەقەت ئۇ ئۆتكۈزگەن ئاشۇ گۇناھنىڭ كاپارىتىلا قىلىدۇ». مائىز ۋە غامىدىيلىك ئايال ھەققىدىكى ھەدىس ئۇلارنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى، چۈنكى رەسۇلۇللاھ قانۇني جازاغا تارتىلىشىنى تەۋبە قىلىش دەپ قارىدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئۇ شۇنداق تەۋبە قىلدىكى ئۇنىڭ تەۋبىسى بىر قەۋمگە تەقسىم قىلىنسا يېتىپ ئاشاتتى.»

القول الثاني : أن الحدود ليست كفارات إلا مع التوبة، وبذلك جزم بعض التابعين، وهو قول للمعتزلة، ووافقهم ابن حزم وبعض المفسرين واستدلوا باستثناء من تاب في قوله تعالى : ﴿إِنَّمَا جَزَاءُ الَّذِينَ يُحَارِبُونَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَيَسْعَوْنَ فِي الْأَرْضِ فَسَادًا أَنْ يُقَتَّلُوا أَوْ يُصَلَّبُوا أَوْ تُقَطَّعَ أَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُمْ مِنْ خِلَافٍ أَوْ يُنْفَوْا مِنَ الْأَرْضِ ذَلِكَ لَهُمْ خِزْيٌ فِي الدُّنْيَا وَلَهُمْ فِي الْآخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ، إِلاَّ الَّذِينَ تَابُوا مِنْ قَبْلِ أَنْ تَقْدِرُوا عَلَيْهِمْ فَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾ فالآية حكمت عليهم بعذاب أخروي بعد خزي الدنيا وعقوبة الدنيا، ولم ترفع عقوبة الآخرة إلا بالتوبة، وقد حاول بعض العلماء أن يرد هذا الاستدلال بأن الاستثناء إنما هو من عقوبة الدنيا، ولذلك قيدت بالقدرة عليه. قاله الحافظ ابن حجر.

ئىككىنچى سۆز ـ قانۇني جازانىڭ پەقەت تەۋبە قىلىش بىلەنلا كاپارەت بولىدىغانلىقى : بەزى تابىئىنلار ئاشۇنى جەزملەشتۈردى، ئۇ (سۆز) مۇئتەزىلەر ئېقىمىدىكىلەرنىڭ سۆزى بولۇپ ئۇلارغا ئىبنى ھەزم ۋە بەزى مۇپەسسىرلەر قوشۇلدى، ئۇلار مۇنۇ ئايەتتە تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ مۇستەسنا بولىدىغانلىقى بىلەن دەلىل كەلتۈردى : ﴿ئاللاھ ۋە ئەلچىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى، ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى، ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك، بۇ (جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق ئېلىپ كەلگۈچىدۇر، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ، سىلەر تۇتۇۋېلىشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغانلار ئۇنىڭدىن مۇستەسنا. بىلىڭلاركى، ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ (مائىدە سۈرىسى 33 ـ ئايەت) دېمەك بۇ ئايەت ئۇلارغا بۇ دۇنيادىكى رەسۋاچىلىق، ۋە بۇ دۇنيادىكى جازادىن كېيىن ئاخىرەتنىڭ جازاسى پەقەت تەۋبە قىلىش بىلەنلا كۆتۈرۈۋېتىلىدىغان ھالەتتە ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا ھۆكۈم قىلدى. بەزى ئالىملار بۇ دەلىل كەلتۈرۈشنى «مۇستەسنا قىلىش» (ئومۇمىي ھۆكۈمدىن چىقىرىۋېتىش) پەقەتلا بۇ دۇنيادىكى جازادىن مۇستەسنا قىلىش ئىكەنلىكى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ (جازا) تۇتۇۋېلىش بىلەن چەكلەنگەنلىكى بىلەن رەت قىلىشقا ئۇرۇندى، بۇنى ھاپىز ئىبنى ھەجەر ئېيتتى.

فالآية على هذا معناها أن ذلك الجزاء من التقتيل، أو الصلب، أو تقطيع الأيدي، والأرجل، أو النفي، ثابت لغير الذين تابوا من قبل أن تقدروا عليهم. لكن بقي لهذا الفريق أن يستدل بالجمع بين عقوبة الدنيا والعذاب العظيم في الآخرة لهم.

هېلىقى ئايەتنىڭ بۇ ئاساستىكى مەنىسى ـ «ئۆلتۈرۈلۈش، ياكى دارغا ئېسىلىش، ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرىنىڭ كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشتىن ئىبارەت ئاشۇ جازا تۇتۇۋېلىشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغانلاردىن باشقىلىرى ئۈچۈن بېكىتىلگەنلىكى» دۇر. لېكىن بۇ تۈركۈم كىشىلەرگە دۇنيا جازاسى بىلەن ئاخىرەتتىكى زور ئازابنىڭ بىرلەشتۈرۈلىدىغانلىقىغا دەلىل كەلتۈرۈشلا قالدى.

اللّٰهُمَّ إلا أن يقال : إن هذا خاص بالمحاربين، فهم يستثنون من العام بالنص عليهم، كما استثنى القاضي إسماعيل من قتل قصاصا، فقال: إن قتل القاتل إنما هو رادع لغيره، وأما في الآخرة فالطلب للمقتول قائم، لأنه لم يصل إليه حق. وقد دفع الحافظ ابن حجر هذا الرأي فقال: بل وصل إلى المقتول حق وأي حق؟ فإن المقتول ظلما تكفر عنه ذنوبه بالقتل، فلولا القتل ما كفرت ذنوبه، وأي حق يصل إليه أعظم من هذا؟ ولو كان حد القتل إنما شرع للردع فقط لم يشرع العفو عن القاتل. اهـ

بۇ ئۇرۇشـــقانلارغا خـاس قىلىـپ ئېيتىلغـان بولغىيـدى ئىلاھىم، چۈنكى ئۇلار خۇددى قـازى ئىسـمائىل قىسـاس ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگۈچىنى مۇستەسنا قىلغىنىدەك ئۇلار ئۆزلىرىگە بېكىتىلگەنلىرى بىلەن ئومۇملۇقتىن مۇستەسنا بولىدۇ. ئۇ (قازى ئىسمائىل) مۇنداق دېدى: «قاتىلنى ئۆلتۈرۈش ـ پەقەت باشـــقىلارنى توســـقۇچىدۇر. ئەمما ئاخىرەتتە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ تەلىپى ئورۇنلىنىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا «ھەق» تېخى يەتمىدى.» ھاپىز ئىبنى ھەجەر بۇ قاراشـــنى رەت قىلىپ مۇنداق دېدى : (ئۆلتۈرۈلگۈچىگە ھەق يەتمىدى) ئەمەس بەلكى يەتتى؛ قـايســـى ھەق يەتتى؟ ئۇۋال قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگۈچىدىن ئۆلتۈرۈلۈش بىلەن گۇناھلىرى يۇيۇلىدۇ، ئۆلتۈرۈلمىگەن بولسـا، گۇنـاھلىرى يۇيۇلمىغان بولاتتى، ئۇنىڭغا يېتىدىغان قايسى ھەق بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغراق؟ ئۆلتۈرۈش جازاسى پەقەتلا توسۇش ئۈچۈن قانۇنلاشتۇرۇلغان بولسا ئىدى، قاتىلنى كەچۈرۈش قانۇنلاشمىغان بولاتتى.

القول الثالث: التوقف لحديث أبي هريرة عند البزار قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم "لا أدري الحدود كفارة لأهلها أم لا" وقد حاول الحافظ أن يرد هذا الاستدلال بأن حديث عبادة أصح إسنادا، وبجواز أن يكون صلى الله عليه وسلم قال ذلك قبل أن يعلم، ثم علم، ولا وجه بعد ذلك للتوقف في كون الحدود كفارة. اهـ

ئۈچىنچى سۆز : بەززارنىڭ رىۋايىتىدىكى ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ مۇنۇ ھەدىسى بىلەن (قانۇنى جازانىڭ كاپارەت بولۇشىنى) كۈتۈشتۇر. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى «قانۇنىي جازانىڭ جازالانغۇچى ئۈچۈن كاپارەت بولامدۇ، ـ يوق، بىلمەيمەن» ھاپىز بۇ دەلىلنى ئۇبادەنىڭ ھەدىسىنىڭ رىۋايىتىنىڭ ئەڭ سەھىھ ئىكەنلىكى بىلەن؛ ۋە «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانۇنىي جازانىڭ كاپارەت بولۇشىنى بىلىشتىن ئىلگىرى ئاشۇنداق دېگەن بولۇشى، كېيىن بىلگەنلىكى، ئاشۇنىڭدىن كېيىن قانۇنىي جازانىڭ كاپارەت بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇشنىڭ ھېچبىر سەۋەبى يوق» دېيىشىنىڭ جائىزلىقى بىلەن رەت قىلىشقا ئۇرۇندى.

والذي نميل إليه أن الذي شرع الحدود كعقوبة على الذنب هو الله تعالى، وإذا كنا نطمع في عفوه بدون عقوبة، فمع العقوبة الدنيوية من باب أولى، أما شرط التوبة مع الحد فليس بلازم لأن التوبة وحدها كافية في محو الذنب فلم يكن للحد والعقوبة معها موقع. نعم إن صاحبت الحد كانت خيرا مضموما إلى مكفر، والله أعلم.

بىزنىڭ ياقلايدىغىنىمىز شۇكى:ـ قانۇنى جازانى گۇناھ ئاساسىدىكى بىر جازا سۈپىتىدە

قانۇنلاشتۇرغۇچى ئاللاھ تائالادۇر. ئەگەر بىز ئاللاھنىڭ جازالىماستىن ئەپۇ قىلىشىنى كۈتىدىغان بولساق ئۇنداقتا (ئەپۇ قىلىش) دۇنياۋى جازا بىلەن بىرگە ئەڭ تېگىشلىك بىر ئىش، ئەمما تەۋبىنى جازا بىلەن شەرت قىلىش زۆرۈر ئەمەس، چۈنكى تەۋبە يالغۇز گۇناھنىڭ مەغپىرەت بولۇشىغا كۇپايە. شۇڭا قانۇنىي جازا ۋە جازالاشنىڭ تۆۋبە بىلەن بىللە بولىدىغان ئورنى يوق. ئەلۋەتتە تۆۋبە قانۇنى جازا بىلەن بىللە بولسا، گۇناھنى پاكلىغۇچىغا قوشۇلغان بىر ياخشى ئىش بولىدۇ. ئاللاھ ئەڭ بىلگۈچىدۇر.

**ويؤخذ من الحديث فوق ما تقدم (يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەنلەردىن سىرت ھەدىستىن مۇنۇلار ئېلىنىدۇ)**

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەنلەردىن سىرت ھەدىستىن مۇنۇلار ئېلىنىدۇ:

1. مشروعية البيعة، وأخذ العهود على عمل الصالحات، والبعد عن السيئات.

1. ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش، يامان ئىشلاردىن يىراقلىشىش ئاساسىدا بەيئەت قىلىش ۋە ئەھدە ئېلىشنىڭ ئىسلام دىنى قانۇنىغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكى.

2. تعظيم أمر السرقة والزنا، إذ جعلا بين الإشراك وبين قتل الأولاد.

2. ئوغرىلىق ۋە زىنا ئىشىنى چوڭ (گۇناھ) قىلىپ كۆرسىتىش. چۈنكى ئۇ ئىككىسى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن بالىلارنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھلارنىڭ ئارىلىقىدا كەلتۈرۈلدى.

3. تعظيم أمر الكذب، وبخاصة في النسب.

3. يالغان ئېيتىشنىڭ بولۇپمۇ نەسەبتە يالغان ئېيتىشنى چوڭ (گۇناھ) قىلىپ كۆرسىتىش.

4. استدل بقوله "ولا تعصوا في معروف" على أن الحديث جمع بين المنهيات والمأمورات ولم يهمل الواجبات، إذ العصيان مخالفة الأمر، قال الحافظ ابن حجر: والحكمة في التنصيص على كثير من المنهيات دون المأمورات أن الكف أيسر من إنشاء الفعل، واجتناب المفاسد مقدم على اجتلاب المصالح، والتخلي عن الرذائل مقدم على التحلي بالفضائل.

4. «بۇيرۇلغان ياخشى ئىشلاردا باش تارتماسلىقتا» سۆزى ھەدىسنىڭ مەجبۇرىيەتلەرگە سەل قارىمىغان ھالدا چەكلىنىلگەن ئىشلار بىلەن بۇيرۇلغان ئىشلارنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرگەنلىكىگە دەلىل قىلىندى، چۈنكى باش تارتىش بۇيرۇلغان ئىشقا خىلاپلىق قىلىشتۇر. ھاپىز ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېدى: بۇيرۇلغان ئىشلارنى تىلغا ئالماستىن، نۇرغۇنلىغان چەكلىنىلگەن ئىشلار ئاساسىدا بەلگىلىمە بېكىتىشتىكى ھېكمەت ـ توسۇش بىرەر ئىشنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتىن ئاسانراق بولغانلىقى؛ زىيانلىق ئىشلاردىن ساقلىنىش مەنپەئەتلىك ئىشلارنى ئېلىپ كېلىشتىن ئىلگىرى تۇرىدىغانلىقى، رەزىللىكتىن خالىي بولۇش پەزىلەتكە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن.

5. أدخل بعضهم مصائب الدنيا، من الآلام والأسقام في عموم العقاب وأنها مكفرة لبعض جرائم الحدود إن لم تقم الحدود، والتحقيق أنها لا تدخل في هذا الحديث، لأنها قد تجتمع مع الستر، فتدخل في قوله: "ومن أصاب من ذلك شيئا ثم ستره الله" نعم بينت الأحاديث الكثيرة أن المصائب تكفر الذنوب، قال الحافظ: فيحتمل أن يراد أنها مكفرة ما لا حد فيه.

5. بەزىلەر دەرد ـ ئەلەم، كېسەللىك دىن ئىبارەت دۇنيانىڭ ئوڭۇشسىزلىقلىرىنى جازانىڭ تەركىبىگە كىرگۈزدى ۋە ئۇ (ئوڭۇشسىزلىقلار) نىڭ قانۇنى جازا ئېلىپ بېرىلمىغان بولسا، قانۇنىي جازا بېرىلىدىغان گۇناھلارنىڭ كاپارىتى بولىدىغانلىقىغا چېتىشالدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار بۇ ھەدىسكە چېتىلمايدۇ، چۈنكى ئۇلار (ئاللاھنىڭ گۇناھنى) يېپىشى بىلەن بىللە بولۇشى مۇمكىن ۋە ئۇ «كىم ئاشۇ (ئىش) لاردىن بىرەرسىنى قىلسا، (جازالىماي) ئاللاھ ئۇنى ياپسا» دېگەننىڭ تەركىبىگە كىرىشى مۇمكىن. شۇنداق، كۆپلىگەن

ھەدىسلەر ئۆچۈشىسزلىقلار گۇناھىنى يۇيىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ھاپىز مۇنداق دېدى : «ئۆچۈشىسزلىقلار قانۇنى جازاسى بولمىغان گۇناھلارنى يۇيغۇچى بولىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن»

6. وفي الحديث في قوله: "ومن أصاب من ذلك شيئا ثم ستره الله فهو إلى الله إن شاء عفا عنه، وإن شاء عاقبه" رد على الخوارج الذين يكفرون بالذنوب، ورد على المعتزلة الذين يوجبون تعذيب الفاسق إذا مات بلا توبة.

6. «كىم ئاشۇ (ئىش) لاردىن بىرەرسىنى قىلسا، (جازالىماي) ئاللاھ ئۇنى ياپسا، ئۇ (يېپىش) ئاللاھقا مەنسۇپ؛ ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ، ئاللاھ خالىسا جازالايدۇ» دېگەن ھەدىستە (كىچىك) گۇناھلارنى ئىنكار قىلىدىغان خاۋارىجلارغا رەددىيە بار ۋە (چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن) پاسىقلار تۆۋبە قىلماستىن ئۆلسە قاتتىق ئازابنى ۋاجىپ قىلىدىغان مۇئتەزىلىلەرگە رەددىيە بار.

7. قال الطيبي: وفيه إشارة إلى الامتناع والبعد عن الشهادة على أحد بأنه من أهل النار، أو لأحد بأنه من أهل الجنة، إلا من ورد النص فيهم بأعيانهم.

7. تەيبى مۇنداق دېدى: بۇ ھەدىستە بىر كىشىگە «ئۇ جەننەت ئەھلىدىن» دەپ ياكى بىر كىشىگە «ئۇ دوزاخ ئەھلىدىن» دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىش ۋە يىراقلىشىشقا ئىشارەت بار. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە (ئالدىن خەۋەر بېرىلگەن) بېكىتىلمە كەلگەن كىشىلەر بۇنىڭ سىرتىدا.

8. استدل به بعضهم على أن المطلوب ممن ارتكب حدا أن يأتي الإمام ويعترف، ويسأله أن يقيم عليه الحد، ليحصل الكفارة، وقيل: بل الأفضل أن يتوب سرا، وفصل بعضهم بين أن كون معلنا بالفجور فيستحب أن يعلن توبته، وأن يأتي الإمام ويعترف، وإلا فلا... والله أعلم.

8. بەزىلەر بۇ ھەدىسنى قانۇنىي جازاغا تېگىشلىك كىشىدىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى ـ ئۇنىڭ ئىمامنىڭ ئالدىغا بېرىپ گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىشى، كاپارەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىگە قانۇنىي جازا يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىشى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى قىلدى. ۋە مۇنداق دېيىلدى، (شۇنداق قىلىپلا قالماستىن) بەلكى ئەڭ ياخشىسى يوشۇرۇن تۆۋبە قىلىشتۇر. بەزىلەر ئۇنىڭ يامان ئىشلارنى ئېلان قىلىپ، ئاشكارا تەۋبە قىلىشى ياخشى دەپ كۆرۈلۈشى بىلەن ئىمامنىڭ ئالدىغا كېلىپ گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىشىنىڭ ئارىسىنى ئايرىدى. (ئاشكارا تەۋبە) قىلمىسا (ئىمامنىڭ ئالدىغا بار) مايدۇ. ئاللاھ ئەڭ بىلگۈچىدۇر.

## الأسئلة (سوئاللار)

1. اشرح الحديث مبرزا البيعات التى شهدها عبادة بن الصامت وموقع هذه البيعة منها.

ھەدىسنى ئۇبادە ئىبنى سامىت قاتناشقان بەيئەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بۇ بەيئەتنىڭ ئورنىنى بايان قىلغان ھالدا چۈشەندۈرۈڭ.

2. تعبير "عن فلان أن رسول الله صلّى الله عليه وسلّم قال" يتوارد كثيرا فى الحديث. فما إعرابه؟ وما تقدير هذا لتركيب؟

«عَنْ فلانٍ أنّ رسولَ اللهِ صَلىَّ الله عليه وسَلَّمَ قَالَ» دەپ ئىپادىلىنىش ھەدىسلەردە كۆپ ئارقىمۇ ـ ئارقا كېلىدۇ. بۇنىڭ گىراماتىكىلىق تەھلىلى قانداق؟ بۇ قۇرۇلمىنىڭ قىياس قىلىنىشى قانداق ؟

3. وما إعراب "وحوله عصابة من أصحابه"وما موقع هذا الجملة؟ وما هى العصابة؟ وما حركة العين فى لفظها؟ وما الغرض من ذكر مثل هذه الجملة فى الأحاديث ؟

«وحوله عصابة من أصحابه» نىڭ گىراماتىكىلىق تەھلىلى قانداق؟ ئۇنىڭ جۈملىدىكى ئورنى نېمە ؟ «العصابة» نىڭ مەنىسى نېمە؟ «ع» نىڭ تەلەپپۇز بەلگىسى نېمە؟ ھەدىسلەردە بۇنىڭغا ئوخشاش

جۈملىلەرنى تىلغا ئېلىشتىن مەقسەت نېمە؟

4. وما هي المبايعة في الأصل؟ وما المراد منها هنا؟ وما علاقة المعنى الأصلي بالمعنى المراد؟
«بايع مبايعة» نىڭ ئەسلى مەنىسى نېمە؟ بۇ يەردە ئۇنىڭدىن ئىرادە قىلىنغان مەنە نېمە؟ ئەسلى مەنا بىلەن ئىرادە قىلىنغان مەنانىڭ مۇناسىۋىتى نېمە؟

5. وماذا أفاد حذف المفعول في "ولا تسرقوا"؟
«وَلاَ تَسْرِقُوا» دا تولدۇرغۇچىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟

6. ولم خص الأولاد بالقتل مع أن قتل غير الأولاد من أكبر الكبائر؟
بالىلاردىن باشقىلارنى ئۆلتۈرۈش ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈن بالىلار ئۆلتۈرۈلۈش بىلەن مەخسۇس تىلغا ئېلىندى؟

7. وما هو البهتان فى الأصل؟ وما المراد منه هنا؟
«اَلْبُهْتان» نىڭ ئەسلىي مەنىسى نېمە؟ بۇ يەردە ئۇنىڭدىن ئىرادە قىلىنغان مەنا قايسى؟

8. وما الغرض من ذكر "تفترونه بين أيديكم وأرجلكم"؟
«يۈز تۇرانە گەپ توقۇپ» دېگەن «تَفْتَرُونَه بَيْنَ أَيْدِيكُمْ و أَرْجُلِكُمْ» نى تىلغا ئېلىشتىن مەقسەت نېمە؟

9. وما مفعول "ولا تعصوا"؟ «وَلاَ تَعْصَوْا» نىڭ تولدۇرغۇچىسى قايسى ؟

10. وما هو المعروف شرعا؟ «اَلْمَعْرُوف» نىڭ ئىسلام دىنى قانۇنىي جەھەتتىكى مەنىسى نېمە؟

11. وما معنى "فمن وفى"؟ وما ضبط الفعل بالشكل؟
«فَمَنْ وَفَى» نىڭ مەنىسى نېمە؟ پېئىلنىڭ تەلەپپۇز بەلگىلىرى بىلەن توغرا ئىپادىلىنىشى قانداق؟

12. "فأجره على الله"؟ يوهم الوجوب على الله فما المعنى المراد؟
«فَأَجْرُه عَلَى اللهِ» ئىبارىسى «ئاللاھنىڭ زىممىسىدىكى زۆرۈرىيەت» دېگەن ئوينى كەلتۈرىدۇ، ئۇنداقتا ئىرادە قىلىنغان مەنا نېمە؟

13. وماذا أفاد إبهام الأجر؟ وماذا أفاد التعبير بـ"على"؟
«ساۋاب، ئەجىر» دېگەن مەنىدىكى «اَلْأَجْر» نى (چەكلىمەستىن) تۇتۇق مەنادا كەلتۈرۈش نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟ «عَلَى» بىلەن ئىپادىلەش نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟

14. وما المشار اليه فى "ومن أصاب من ذلك شيئا"؟ وما مرجع الضمير فى "فهو كفارة"؟
«وَمَنْ أَصَابَ من ذَلِكَ شَيْئًا» دىكى ئىشارە قىلىنغۇچى قايسى؟ «فَهُوَ كَفَّارَةٌ» دىكى كىشىلىك ئالماش قايتىدىغان سۆز قايسى؟

15. وما المراد من الكفارة"؟ «اَلْكَفَّارَة» دىكى ئىرادە قىلىنغان مەنە نېمە؟

16. وما سر العطف بثم في "ثم ستره الله"؟ والعطف بالفاء في "فعوقب"؟
«ثُمَّ سَتَرَهُ اللهُ» دا ثُمَّ بىلەن جۈملىنى باغلاشنىڭ سىرى نېمە؟ «فَعُوقِبَ» دە ف بىلەن باغلاشنىڭچۇ؟

17. قيل : الحدود جوابر،وقيل إنها زواجر. فما المعنى المراد من كل منهما؟ وما دليل كل فريق؟
قانۇنىي جازا تۈزەتكۈچى ۋاستە (جَوَابِرُ) دېيىلدى ۋە ئۇ توسقۇچى ۋاستە (زَوَاجِرُ) مۇ دېيىلدى. ئۇنىڭ ھەر بىرىدىن ئىرادە قىلىنغان مەنە نېمە؟ ھەر بىر گۇرۇھنىڭ دەلىلى نېمە؟

18. وما دليل من توقف؟ وماذا ترجح؟

كۆتۈپ تۇرغۇچىنىڭ دەلىلى نېمە؟ سىز قايسىنى ئارتۇق كۆرسىز؟

19. وهل يدخل في الحديث قتل المرتد لردته؟ ولماذا؟

دىندىن قايتقۇچىنى قايتىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈش بۇ ھەدىسنىڭ تەركىبىگە كىرەمدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

20. وماذا تأخذ من الحديث من الأحكام؟ بۇ ھەدىستىن نېمە ھۆكۈملەرنى ئالىسىز؟

## شرح الكلمات

| | |
|---|---|
| شَهِدَ يَشْهَدُ شُهُودًا الْمَجْلِسَ /حَضَرَه | ...گە قاتناشتى |
| بَدْرٌ /قَرْيَةٌ إِلَى الجنوب الْغَرْبِيِّ مِنَ المدينةِ | بەدىر (مەدىنىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى بىر كەنت) |
| نَقِيبٌ جنُقَبَاءُ / كَبِيرُ الْقَوْمِ وعَرِيفُهُمْ وسَيِّدُهُمْ | باشلىق، ئاقساقال، نوپۇزلۇق كىشى ؛ ۋەكىل |
| عَقَبَةٌ / مَرْقًى صَعْبٌ من الجبال | چىغىر يول، داۋان |
| اَلْعَقَبَةُ /مَوْضِعٌ فى طَرِيقِ مَكَّةَ على مقربة مِنْ مِنًى | ئەقەبە (مىناغا يېقىن مەككە يولىدىكى ئورۇن) |
| عِصَابَةٌ /جَمَاعَةٌ مِنَ الناسِ وهى ما بَيْنَ العَشْرَةِ والْأَرْبَعِينَ | ئوندىن قىرىققىچە بولغان كىشىلەر توپى، بىر تۈركۈم، بىر توپ |
| بَايَعَ فُلاَنًا عَلَى الْأَمْرِ /عَاهَدَهُ عَلَيْهِ | ئەھدە بەردى، بەيئەت قىلدى، قول بەردى |
| بَايِعُونِى عَلَى أَنْ لاَ ... | سىلەر ماڭا...قىلماسلىققا ئەھدە بېرىڭلار |
| بُهْتَانٌ /اَلْبَاطِلُ الَّذِى يُحَيِّرُ | كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يالغان، ئويدۇرما، بوھتان |
| بُهْتَانٌ / اَلْخَنَا والإثم الْمُنْكَرُ | ئۇياتسىز گەپ، سەت گەپ :رەت قىلىنىدىغان گۇناھ،بوھتان |
| اِفْتَرَى عَلَيْهِ الكذبَ /اختلقه عليه | ...گە يالغان گەپ توقىدى، گەپ تاپتى |
| بَيْنَ أَيْدِيكُمْ وأَرْجُلِكُمْ /مِنْ عِنْدِ أنفسِكُمْ | ئۆزلىرىڭلارچە، يۇز تۇرانە |

«وَلاَ يَأْتِينَ بِبُهْتَانٍ يَفْتَرِينَهُ بَيْنَ أَيْدِيهِنَّ وَأَرْجُلِهِنَّ (بيعة النساء)

يۇز تۇرانە گەپ توقۇپ (زىنادىن قورساق كۆتۈرگەن بالىنى ياكى تېپىۋالغان بالىنى ئېرىگە تەۋە قىلىپ) بۆھتان قىلمايسىلەر

«وَلاَ تَأْتُونَ بِبُهْتَانٍ تَفْتَرُونَهُ بَيْنَ أَيْدِيكُمْ وأَرْجُلِكُمْ (بيعة الرجال)

يۇز تۇرانە گەپ توقۇپ بوھتان (بالىلىرىڭلاردىن تېنىپ) بوھتان قىلمايسىلەر

| | |
|---|---|
| عَصَى يَعْصِى عَصْيًا ومَعْصِيَةً وعِصْيَانًا فُلاَنًا / | ئىتائەتسىزلىك قىلدى، بويسۇنمىدى، باش |
| خَرَجَ عَنْ طَاعَتِهِ وخَالَفَ أَمْرَهُ | تارتتى ؛ ئاسىيلىق قىلدى، |
| مَعْرُوفٌ / كُلُّ فِعْلٍ يُعْرَفُ حُسْنُه بالعَقْلِ أو بِالشَّرْعِ | بۇيرۇلغان ياخشى ئىش، ياخشى ئىش |
| أَجْرٌ جأُجُورٌ / ثَوَابٌ و مُكَافَأَةٌ | ساۋاب، مۇكاپات، ئەجىر |
| كَفَّارة / مَا يُكَفَّرُ بِهِ الْإِثْمُ | گۇناھ پاكلىنىدىغان نەرسە، گۇناھنى يۇيغۇچى، كاپارەت |

### المعنى العامّ

| | |
|---|---|
| تَعَرَّضَ لِلْخَطَرِ / كَانَ عُرْضَةً | خەتەرگە يولۇقتى |
| تَعَرَّضَ لِفُلاَنٍ / وَاجَهَهُ | ئۇچراشتى، كۆرۈشتى |
| بَايَعَهُمْ عَلَى الْإِسْلاَمِ | ئۇلاردىن ئىسلام دىنىغا كىرىپ مۇسۇلمان بولۇشقا ئەھدە ئالدى<br>ئۇلاردىن ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلىشقا ئەھدى ئالدى |
| بَيْعَةٌ /مُبَايَعَةٌ | بەيئەت قىلىش، ئەھدىلىشىش، بەيئەت |

| | |
|---|---|
| بَيْعَةُ الْعَقَبَةِ الْأُولَى | ئەقەبە بىرىنچى بەيئىتى |
| جَمْعٌ /جَمَاعَةٌ مِنَ النَّاسِ | بىر تۈركۈم كىشى، بىر توپ كىشى؛ تۈركۈم، توپ |
| اِجْتَمَعَ بِهِ / قَابَلَهُ | ... بىلەن ئۇچراشتى |
| نَشَاطٌ /هِمَّةٌ،اِنْدِفَاعٌ، حَيَوِيَّةٌ | قىزغىنلىق، جۇشقۇنلۇق، جانلىقلىق |
| فِي النَشَاطِ | روھلۇق ـ جۇشقۇن ھالەتتە |
| كَسَلٌ /تَثَاقُلٌ عَنْ عملٍ أوْ وَاجِبٍ و فُتُور فيه | ئېغىرلىق؛ بوشاڭلىق |
| فِي الْكَسَلِ | روھسىز ـ بوشاڭ ھالەتتە |
| فِي اللهِ /فِي سَبِيلِ اللهِ | ئاللاھ يولىدا |
| لَوْمَةُ لاَئِمٍ | مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتى، تاپا ـ تەنە |
| يَثْرِبُ /اَلْمَدِينَةُ الْمُنَوَّرَةُ | يەسرەب (مەدىنىنىڭ بۇرۇنقى نامى) |
| مَنَعَ يَمْنَعُ فُلاَنًا مِنَ الشَّيْءِ / كَفَّهُ عَنْهُ؛ حَامَى عَنْه | ...نى ...دىن توستى، قوغداپ قالدى |
| اَلْأَنْصَارُ /أهلُ الْمَدِينةِ المنوّرة من الْأَوْسِ والْخَزْرَجِ الذِين آوَوْا رسُولَ اللهِ وَنَصَرُوهُ | ئەنسارلار (رەسۇلۇللاھقا جاي بەرگەن ۋە ياردەم قىلغان ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسىدىن بولغان مەدىنىلىكلەر) |
| مَنْهِيٌّ ج مَنْهِيَّات | چەكلەنگەن ئىشلار |
| أَصَابَ الشَّيْءَ /نَالَ (فِي الخير) | ئېرىشتى ـ أَصَابَ مَطْلُوبَه تەلىپىگە يەتتى، أَصَابَ مُرَادَه مۇرادىغا يەتتى |
| أَصَابَ الشَّيْءَ /صَدَمَ ــ ـه (فِي الشَّرِّ) | دۇچ كەلدى، يولۇقتى؛ ئۆتكۈزدى، سادىر قىلدى |
| أَصَابَ من هذه النواهِي شَيْئًا | ئۇ بىر ئاز چەكلەنگەن ئىشلارنى سادىر قىلدى، ئۆتكۈزدى |
| أَصَابَ قليلاً من الطَّعَامِ | بىر ئاز تاماق يېدى |
| أَصَابَ من هذه الكبائرِ شَيْئًا | بىر ئاز چوڭ گۇناھ سادىر قىلدى |
| جَمَعَ عَلَيْهِ ثِيابَه /لبسَها | كىيىمىنى ئۇستىگە ئارتتى، يېپىندى، كىيدى |
| وَلاَ يَجْمَعُ اللهُ عَلَيْهِ عُقُوبَتَيْنِ | ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىككى جازا ئارتمايدۇ |

## اَلْمَباحث العربيَّة

| | |
|---|---|
| اَلتَّرْكِيبُ | بىرىكىش، قۇرۇلما |
| اَلْجَارُّ والْمَجْرُور | ئالد قوشۇلغۇچى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلغۇچى |
| مُتَعَلِّقٌ بِفِعْلٍ مَحْذُوفٍ | چۈشۈپ قالغان پېئىلغا باغلىنىلغان |
| تَأْوِيلُ مَصْدَرٍ | قىياسىي مەستەر |
| نَائِبُ فَاعِلٍ | ۋەكىل پائىل (مەجھۇل دەرىجىدىكى پېئىللىق جۈملىنىڭ ئىگىسى) |
| ظَرْفُ مَكَانٍ | ئورۇن رەۋىشى |
| خَبَرٌ مُقَدَّمٌ | ئالدىدا كەلگەن خەۋەر (ئىسىملىق جۈملىدە) |
| مُبْتَدَأٌ مُؤَخَّرٌ | كېيىن كەلگەن مۇبتەدا (ئىسىملىق جۈملىدە) |
| فِي مَحَلِّ نَصْبٍ | ئورۇن جەھەتتە چۈشۈم كېلىشتە |
| حَالٌ مِنْ فَاعِلِ "قَالَ" | قَالَ پېئىلىنىڭ پائىلى (ئىگىسى) نىڭ ھالىتى |
| لِلتَّوْثِيق بالروَاية | رىۋايەتنى ئىشەنچىلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن |

| | |
|---|---|
| اَلْمُعَاوَضَةُ الْمَالِيَّةُ | ئىقتىسادىي تولۇقلىما بېرىش |
| بَذَلَ الْوَعْدَ | ئۇ چىن كۆڭلىدىن ۋەدە قىلدى، ۋەدە بەردى |
| عَمَّمَ الشَّيْءَ / جَعَلَهُ عَامًّا | ئام قىلدى، ئورتاقلاشتۇردى، ئومۇملاشتۇردى؛ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قىلدى |
| مَحْذُوفٌ لِلتَّعْمِيمِ | (ئوغرىلىنىدىغان نەرسىلەرگە) ئام، ئورتاق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن چۈشۈپ قالغان |
| اَلْفِعْلُ مُنْزَلٌ مَنْزِلَةَ اللاَّزِمِ | پېئىل ئۆتۈمسىز پېئىل ئورنىدا كەلتۈرۈلگەن |
| بَهَتَ يَبْهَتُ بَهْتًاهُ /أَدْهَشَهُ وحَيَّرَه | ھەيران قالدۇردى |
| فُحْشٌ /بَذَاءَةٌ | قەبىھلىك |
| فَظَاعَة /شناعة | ۋەھىمىلىك |
| كَنَى يَكْنِي كِنَايَةً بِهِ عَنْ كَذَا / تَكَلَّمَ بما يُسْتَدَلُّ به عليه ولَمْ يُصَرِّحْ | كىنايە قىلدى، دارىتمىلىدى |
| اَلْوَلَدُ الَّذِى تُزَنَّى بِهِ | زىنادىن ئېغىر ئاياق بولغان بالا، زىنادىن تاپقان بالا |
| اِلْتَقَطَ الشَّيْءَ /عَثَرَ عَلَيْهِ غَيْرَ قَصْدٍ ولاَ طَلَبٍ | تېپىۋالدى |
| حُمِلَ عَلَى المباشرةِ مُطْلَقًا والمواجهةِ بالكذب | ئۇ (ئىبارە)يالغانچىلىق بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللىنىش ۋە يۈز تۇرانە يالغانچىلىق قىلىش مەنىسىدە كەلدى |
| اَلْمُوَاجِهُ لِلْآخرِينَ | باشقىلارغا يۈزلىنىپ تۇرغۇچى |
| أُولو الْأَمْرِ | ئىش بېشىدىكىلەر، مەسئۇللار، باشلىقلار |
| الشَّارِعُ /اَلَّذِى يَسُنُّ الشَّرِيعَةَ | ئىسلام دىنى قانۇنىنى بەلگىلىگۈچى |
| مَا عُرِفَ حُسْنُه أَمْرًا أَوْ نَهْيًا | ياخشى دەپ تونۇلغان، بۇيرۇلغان، توسۇلغان ئىش |
| "وفى" بالتخفيف والتشديد بِمَعْنًى | يەڭگىل ھەركىلىك وَفَى ۋە شەددىلىك وَفَّى بىر مەنىدە |
| أَبْهَمَ الْأَمْرَ /لَمْ يَجْعَلْ له وجهًا يُعَرِّفه | ئاشكارىلايدىغان بانا پەيدا قىلمىدى، بانا ئىزدىمىدى، ئاشكارىلاشقا ئۇرۇنمىدى |
| أَبْهمَ الْأَجْرَ لِلتَّفْخِيم | ئەجرىنى كۆپتۈرۈشكە ئۇرۇنمىدى، ئەجرىنى كۆپتۈرۈشتىن يىراق تۇردى |
| أَبْهَمَ فُلاَنًا عن الْأَمْرِ /نَحَّاهُ عَنْه | يىراقلاشتۇردى |
| لِلدَّلاَلَةِ عَلَى تَحَقُّقِ الوُقوع | بولۇشىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن |
| اَلْحَدُّ /اَلْعُقُوبَةَ الْمَفْرُوضَة التي تمنع المذنبَ من المعاودة | قانۇنىي جازا، بېكىتىلگەن جازا، جازا قانۇنىي (گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىنى قايتا ئۆتكۈزۈشتىن توسىدىغان قانۇنىي بېكىتىلگەن جازا) |
| اَلْعِقَابُ الدُّنْيَوِيُّ | بۇ دۇنيادىكى جازا |
| لِلتَّخْوِيفِ مِنَ الوُقوعِ في المعصيةِ | گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن قورقۇتۇش ئۈچۈن، گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن ئەنسىرەشنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن |
| اِذَا عَلِمَ أَنَّ العُقوبَة تُعَقَّبُ وتُفَاجِئُ المعصيةَ | ئەگەر ئۇ (ئاڭلىغۇچى) جازانىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە ئەگىشىپلا كېلىدىغانلىقى ۋە تۇيۇقسىز كېلىدىغانلىقىنى بىلسە |
| فَإِنَّهُ مُتَرَاخٍ بَعِيدٌ | ئۇ (گۇناھنى يېپىش) (گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە) ئۇلاشماي كەلگۈچى ۋە (ئۇنىڭدىن) كېيىن كەلگۈچى |

## فِقْهُ الْحَدِيثِ

| | |
|---|---|
| جَوَابِرُ | تۈزەش ۋاستىلىرى |
| زَوَاجِرُ | توسۇش ۋاستىلىرى |

جَبَرَ يَجْبُرُ جَبْرًا و جُبُورًا فُلاَنًا /أَصْلَحَهُ و قَوَّمَه و دَفَعَ عنه   تۈزىدى، ئوڭشىدى : قايتۇردى

هَلْ هِيَ تَجْبُرُ صَاحِبَ المعصية؟   ئۇ (قانۇنىي جازا) گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىنى تۈزىيەلەمدۇ؟

زَجَرَ يَزْجُرُ زَجْرًا فُلاَنًا عَنِ الشَّيْءِ /مَنَعَهُ بِصَوْتٍ وكَفَّه   ...نى ...دىن توستى

هِيَ لِزَجْرِهِ وَ زجرغَيْرِهِ ؟   ئۇ (قانۇنىي جازا) ئۇ (گۇناھ ئۆتكۈزگۈچى) نى توسۇش ئۈچۈن ۋە باشقىلارنىمۇ توسۇش ئۈچۈنمۇ؟

عُقُوبَةٌ أُخْرَوِيَّةٌ   ئاخىرەتتىكى جازا

مَذْهَبٌ /طَرِيقَةٌ   ئۇسۇل، چارە، يول، تۇتقان يول

مَذْهَبٌ /مُعْتَقَدٌ   ئەقىدە، مەسلەك

مَذْهَبٌ /رَأْيٌ   قاراش

مَذْهَبٌ /مجْمُوعة من الآرَاءِ والنظريَّاتِ   مەزھەپ ، ئېقىم

تَوَقَّفَ فِيهِ /تَمَكَّثَ وَانْتَظَرَ   كۈتۈپ تۇردى

تَوَقُّفٌ /اِمْسَاكٌ عن إبدَاءِ الرَّأْيِ   پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، كۈتۈپ تۇرۇش

قَبْلَ التَّفْصِيلِ وَالتَّدْلِيلِ   تەپسىلىي بايان قىلىش ۋە دەلىل كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى

سَارَعَ اِلَى الْأَمْرِ / بَادَر وقَامَ اليه مُسْرِعًا   دەرھال كىرىشتى، ئالدى بىلەن ... قىلدى

نُسَارِعُ بِأَنْ ...   ئالدى بىلەن ... غانلىقىغا ئۆتىمىز

مُرْتَدٌّ عَنِ الدِّينِ /راجع عَن دِينِ الإِسْلاَمِ الى الكُفْرِ   دىندىن يانغۇچى، مۇرتەد

فَلاَ نِقَاشَ فِي أَنَّ ...   ...ئىكەنلىكىدە ھېچبىر تالاش ـ تارتىش يوق

غَيْرُ مُكَفِّرٍ لِذَنْبِهِ   ئۇنىڭ گۇناھىنى پاكلىغۇچى ئەمەس

خُروجُه مِنَ العُمومِ الظَّاهر فِي الْحَدِيثِ   ئۇنىڭ ھەدىستە ئىپادىلەنگەن ئومۇملۇقنىڭ سىرتىدا بولۇشى

حَيْثُ إِنَّ الإِشَارَةَ لِلْمَذْكُورَاتِ   (ذلك بىلەن) ئىشارە قىلىش يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلار ئۈچۈن كەلگەنلىكتىن

خَصَّصَهُ بِالشَّيْءِ / خَصَّهُ به و فَضَّلَهُ به على غيره   ...نى ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلدى، ...نى ئالاھىدە قىلدى

هَذَا العمومُ خُصِّصَ بقوله تعالى   بۇ ئومۇملۇق ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى.

بۇ ئومۇملۇق مۇنۇ ئايەتتە ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى

بِقَرِينَةِ أَنَّ الْمُخَاطَبَ بَذَلِكَ المسلمون   ذلك بىلەن خىتاپ قىلىنغۇچى مۇسۇلمانلار دېگەن تىل پاكىتى بىلەن

رَجَّحَ تَوْجِيهَ النَّوَوِيِّ   نەۋەۋىنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىنى ئارتۇق كۆردى

حَذَّرَ فُلاَنًا من الأَمْرِ /خَوَّفه منه   ئاگاھلاندۇردى، ئەنسىرەيدىغان قىلدى : ئىجرائىي جازا بەردى

اَلتَّحْذِيرُ /عقوبة غير المقدّرةِ شرعًا و انّما فوَّضَ الشرعُ النظرَ فى نوعها ومقدارها الى وَلِيِّ الْأَمْرِ

ئىجرائىي جازا (قانۇنىي جەھەتتە مىقدارى بەلگىلەنمىگەن، ئىسلام قانۇنى ئۇنىڭ تۈرى ۋە مىقدارىغا

قاراپ چىقىشنى ئىش بېشىدىكىلەرگە ھاۋالە قىلغان جازا)

لاَ يَمْنَعُ مِنَ التحذيرِ مِنَ الْإِشْرَاكِ   ئۇ (مۇسۇلمانلارنى ذلك بىلەن خىتاب قىلىشى) شېرىك

كەلتۈرۈشكە ئىجرائىي جازا بېرىشنى توسمايدۇ

حَقِيقَةُ الْحَدِّ   قانۇنىي جازانىڭ ھەقىقىي مەنىسى

عُرْفِيٌّ / حُكْم عُرْفِيٌّ   ئادەت خاراكتېرلىق ھۆكۈم

وَلَوْ لَمْ يَتُبْ الْمَحْدُودُ   قانۇنىي جازا بېرىلگۈچى تۆۋبە قىلمىغان بولسىمۇ

جُمْهُورٌ / مُعْظَمُ كُلِّ شَيْءٍ — ...نىڭ كۆپىنچىسى، كۆپ سانلىق

اَلظَّاهِرُ /اَلْمَعْنَى الظَّاهِرُ — ئاشكارا مەنا، ئۇدۇل مەنا، بىۋاستە ئىپادىلەنگەن مەنا

لَمْ يَنْفَرِدْ بِرِوَايَةِ هَذَا الْحُكْمِ — ئۇ بۇ ھۆكۈمنى يالغۇز رىۋايەت قىلمىدى

صَحَّحَ الْحَدِيثَ / نَسَبَهُ اِلَى الصِّحَّة — سەھىھ ھەدىس دەپ قارىدى

كَرِيمٌ /صَفُوحٌ — كەچۈرگۈچى، ئەپۇ قىلغۇچى

ثَنَّى الْعَمَلَ / أَعَادَه — قايتا قىلدى، يەنە بىر قىلدى

ثَنَّى الْعُقُوبَةَ عَلَى ... — ... نى يەنە بىر جازالىدى

أَكْرَمُ مِنْ ... — دىن بەكمۇ ئەپۇچان

مَرْفُوعٌ /حَدِيث مَرْفُوع (ما أَسنده رَاوِيهِ الى رسولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ)

مەرپۇئ ھەدىس، رىۋايىتى ھەدىس (رىۋايەت قىلغۇچى رىۋايەتنى ئىزچىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇلىغان ھەدىس)

أَقَامَ الْحَدَّ / أَجْرَى الْحَدَّ — قانۇنىي جازا يۈرگۈزدى، ئىجرا قىلدى

جَزَمَ يَجْزِمُ جَزْمًا بِالْأَمْرِ / أَكَّدَهُ — مۇئەييەنلەشتۈردى، جەزملەشتۈردى

بِاسْتِثْنَاءِ مَنْ تَابَ — تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ ئۇنىڭ سىرتىدا بولىدىغانلىقى بىلەن، مۇستەسنا بولىدىغانلىقى بىلەن

خِزْيُ الدُّنْيَا — دۇنيا رەسۋاچىلىقى

بِالْقُدْرَةِ عَلَيْهِ / بِالْقُدْرَةِ على القبضِ عَلَيْهِ — ئۇنى تۇتۇۋېلىش بىلەن

مِنْ قَبْلِ أَنْ تَقْدِرُوا عَلَيْهِمْ — سىلەر ئۇنى تۇتۇۋېلىشتىن ئىلگىرى

بَقِيَ لِفُلاَنٍ أَنْ يَفْعَلَ ... — ئۇنىڭ ... قىلىشى قېلىپ قالدى

بَقِيَ لِهَذَا الْفَرِيق أَنْ يَسْتَدِلَّ بالجمع بَيْنَ ... — بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ...ئارىسىنى بىرلەشتۈرىدىغانلىقىغا دەلىل كەلتۈرۈشلا قالدى

اَللّهُمَّ اِلاَّ أَنْ يَكُونَ كَذَا / اَللّهُمَّ لا يُمْكِنُ اِلاَّ أَنْ يكونَ كَذَا — ئۇ پەقەت ئاشۇنداقلا بولغىدى، ئىلاھىم!

اَللّهُمَّ اِلاّ أَنْ يُقَالَ اِنّ هَذَا خَاصٌّ بِالْمُحَارِبِينَ — بۇ پەقەت ئۇرۇشقانلارغا خاس دېيىلگۈدى، ئىلاھىم.

يُسْتَثْنُونَ مِنَ العامِّ بالنَّصِّ عَلَيْهِم — ئۇلار ئۆزلىرىگە بېكىتىلگەنلىرى بىلەن ئومۇملۇقتىن مۇستەسنا بولىدى

رَدَعَ يَرْدَعُ رَدْعًاهُ عَنْ كَذَا / كَفَّهُ و رَدَّهُ — توستى، قايتۇردى

رَادِعٌ لِغَيْرِه — باشقىلارنى توسقۇچى

وَلَوْ كَانَ حَدُّ الْقَتْلِ إِنَّما شُرِعَ لِلرَّدْعِ فَقَطْ لَمْ يُشْرَعْ الْعَفْوُ عَنِ القَاتِلِ

مۇبادا ئۆلتۈرۈش جازاسى پەقەتلا توسۇش ئۈچۈن قانۇنلاشتۇرۇلغان بولسا، قاتىلنى كەچۈرۈش قانۇنلاشمىغان بولاتتى

أَصَحُّ إِسْنَادًا — رىۋايەت قىلىنىشى ئەڭ سەھىھ، ئەڭ توغرا

وَلاَ وَجْهَ بَعْدَ ذَلِكَ لِلتَّوَقُّفِ فِي كَوْنِ الْحُدُودِ كَفَّارَةً — ئاشۇنىڭدىن كېيىن قانۇنىي جازانىڭ كاپارەت بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇشنىڭ ھېچبىر سەۋەبى يوق

مَالَ يَمِيلُ مَيْلاً الى الشَّيْءِ / أَحَبَّ وانحازله — ياخشى كۆردى، مايىل بولدى، تەرەپىنى ئالدى، ياقلىدى

طَمِعَ يَطْمَعُ طَمَعًا فى الشَّيْءِ / رَجَاهُ — ئۈمىد قىلدى، كۈتتى

مِنْ بَابِ أَوْلَى / أَرْجَحُ فى مَجَالِ الْإِعْتِبَارِ — ئەڭ تېگىشلىك بىر ئىش

مَحَا يَمْحُو مَحْوًا اللهُ الذُّنُوبَ / غَفَرَهَا — ئاللاھ گۇناھنى مەغپىرەت قىلدى

مَحْوُ الذَّنْبِ — گۇناھنىڭ مەغپىرەت بولۇشى

## يُؤْخَذُ مِنَ الْحَدِيث

تَعْظِيمُ أَمْرٍ ... — ... قىلىش ئىشنى چوڭ (گۇناھ) قىلىپ كۆرسىتىش

مَشْرُوعِيَّةُ الْبَيْعَةِ / أَنّ الْبَيْعَةَ مَشْرُوعَةٌ — بەيئەت قىلىشنىڭ ئىسلام دىنى قانۇنىغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكى

وَبِخَاصَّةٍ ... — بولۇپمۇ

وَالْحِكْمَةُ فِي التَّنْصِيصِ عَلَى كَثِيرٍ من الْمَنْهِيَّاتِ دونَ الْمَأْمُورَاتِ

بۇيرۇلغان ئىشلارنى تىلغا ئالماستىن چەكلىنىلگەن نۇرغۇن ئىشلار ئاساسىدا بەلگىلىمە بىكىتىشتىكى ھېكمەت

مَصَائِبُ الدُّنْيَا — بۇ دۇنيادىكى ئوڭۇشسىزلىقلار، دۇنيانىڭ ئوڭۇشسىزلىقلىرى

عُمُومُ العِقَابِ — جازا ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىش، جازانىڭ تەركىبى

جَرَائِمُ الْحُدُودِ — قانۇنىي جازا بېرىلىدىغان گۇناھلار

وَالتَّحْقِيقُ أَنَّهَا ... / عَلىَ أَنَّ ... — لېكىن، ئەمەلىيەتتە (بمعنى الاستدراك .المنجد)

مُفَكِّرَةٌ مَا لاَ حَدَّ فِيهِ — قانۇنىي جازاسى بولمىغان گۇناھلارنى يۇيغۇچى

اِلاَّ مَنْ وَرَدَ النَّصُّ فِيهِمْ بِأَعْيَانِهِمْ — ئۆزلىرىگە بىكىتىلمە كەلگەن كىشىلەر بۇنىڭ سىرتىدا

اِرْتَكَبَ ذَنْبًا / اِقْتَرَفَهُ — گۇناھ ئۆتكۈزدى

اِرْتَكَبَ حَدًّا — قانۇنىي جازاغا تارتىلدى، قانۇنىي جازاغا تېگىشلىك بولدى

وَاِلّا فَلاَ — (ئاشكارە تۆۋبە) قىلمىسا (ئىمامنىڭ ئالدىغا بار) مايدۇ.

## اَلْأَسْئِلَةُ

مُبْرِزًا البِيعَاتِ — بەيئەتلەرنى روشەن بايان قىلغان ھالدا، ئوتتۇرىغا قويغان ھالدا

تَعْبِيرُ "عَنْ فُلاَنٍ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّمَ قَالَ"

«پالانىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى» دېگەن بۇ ئىبارە

يَتَوَارِدُ / يَتَتَابَعُ — ئارقىمۇ-ئارقا كېلىدۇ

اَلْمَعْنَى الْأَصْلِيُّ — ئەسلى مەنا

اَلْمَعْنَى الْمُرَادِيُّ — كۆزدە تۇتۇلغان مەنا

مَعَ أَنَّ ... — بولسىمۇ، ...سىمۇ (بمعنى الاستدراك)

مَعَ أَنَّ قَتْلَ غَيْرِ الْأَوْلاَدِ مِنْ أَكْبَرِ الْكَبَائِرِ — باللارنى ئۆلتۈرۈش ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بىرى بولسىمۇ

ضَبْطُ الْفِعْلِ بِالشَّكْلِ — پېئىلنىڭ تەلەپپۇز بەلگىلىرى بىلەن توغرا ئىپادىلىنىشى

أَوْهَمَهُ / أَوْقَعَهُ فِي الْوَهْمِ ... — ...نى ... ئويغا كەلتۈردى، ئويغا سالدى

يُوهِمُ الوُجُوبَ عَلَى الله — «ئاللاھنىڭ زىممىسىدىكى مەجبۇرىيەت» دېگەن ئويغا كەلتۈرىدۇ

إِبْهَامُ الْأَجْرِ — «ئەجىر» سۆزىنى (چەكلىمەستىن) تۇتۇق مەنادا كەلتۈرۈش

مَرْجِعُ الضَّمِيرِ — كىشىلىك ئالماش قايتىدىغان سۆز

(داۋامى كېيىنكىساندا)

# ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ناماز ۋاقىتلىرى

| 5- ئاي (ماي) | | بامدات | كۈن چىقىش | پېشىن | ئەسىر | شام | خۇپتەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | (پەيشەنبە) | 3:16 | 5:02 | 12:30 | 4:02 | 7:14 | 8:12 |
| 2 | (جۈمە) | 3:14 | 5:01 | 12:30 | 4:02 | 7:15 | 8:13 |
| 3 | (شەنبە) | 3:12 | 5:00 | 12:30 | 4:03 | 7:17 | 8:15 |
| 4 | (يەكشەنبە) | 3:10 | 4:58 | 12:30 | 4:03 | 7:18 | 8:16 |
| 5 | (دۈشەنبە) | 3:08 | 4:57 | 12:30 | 4:04 | 7:19 | 8:17 |
| 6 | (سەيشەنبە) | 3:06 | 4:55 | 12:30 | 4:04 | 7:20 | 8:18 |
| 7 | (چارشەنبە) | 3:05 | 4:54 | 12:30 | 4:04 | 7:21 | 8:19 |
| 8 | (پەيشەنبە) | 3:03 | 4:53 | 12:30 | 4:05 | 7:22 | 8:20 |
| 9 | (جۈمە) | 3:01 | 4:52 | 12:30 | 4:05 | 7:24 | 8:22 |
| 10 | (شەنبە) | 2:59 | 4:50 | 12:30 | 4:05 | 7:25 | 8:23 |
| 11 | (يەكشەنبە) | 2:57 | 4:49 | 12:30 | 4:06 | 7:26 | 8:24 |
| 12 | (دۈشەنبە) | 2:55 | 4:48 | 12:30 | 4:06 | 7:27 | 8:25 |
| 13 | (سەيشەنبە) | 2:53 | 4:47 | 12:30 | 4:06 | 7:28 | 8:26 |
| 14 | (چارشەنبە) | 2:52 | 4:46 | 12:30 | 4:07 | 7:29 | 8:27 |
| 15 | (پەيشەنبە) | 2:50 | 4:45 | 12:30 | 4:07 | 7:30 | 8:28 |
| 16 | (جۈمە) | 2:48 | 4:43 | 12:30 | 4:08 | 7:31 | 8:29 |
| 17 | (شەنبە) | 2:46 | 4:42 | 12:30 | 4:08 | 7:32 | 8:30 |
| 18 | (يەكشەنبە) | 2:45 | 4:41 | 12:30 | 4:08 | 7:33 | 8:31 |
| 19 | (دۈشەنبە) | 2:43 | 4:40 | 12:30 | 4:09 | 7:35 | 8:33 |
| 20 | (سەيشەنبە) | 2:41 | 4:39 | 12:30 | 4:09 | 7:36 | 8:34 |
| 21 | (چارشەنبە) | 2:40 | 4:38 | 12:30 | 4:09 | 7:37 | 8:35 |
| 22 | (پەيشەنبە) | 2:38 | 4:38 | 12:30 | 4:10 | 7:38 | 8:36 |
| 23 | (جۈمە) | 2:37 | 4:37 | 12:30 | 4:10 | 7:39 | 8:37 |
| 24 | (شەنبە) | 2:35 | 4:36 | 12:30 | 4:10 | 7:40 | 8:38 |
| 25 | (يەكشەنبە) | 2:34 | 4:35 | 12:30 | 4:11 | 7:41 | 8:39 |
| 26 | (دۈشەنبە) | 2:33 | 4:34 | 12:30 | 4:11 | 7:42 | 8:40 |
| 27 | (سەيشەنبە) | 2:31 | 4:34 | 12:30 | 4:11 | 7:42 | 8:40 |
| 28 | (چارشەنبە) | 2:30 | 4:33 | 12:30 | 4:12 | 7:43 | 8:41 |
| 29 | (پەيشەنبە) | 2:29 | 4:32 | 12:30 | 4:12 | 7:44 | 8:42 |
| 30 | (جۈمە) | 2:27 | 4:32 | 12:30 | 4:12 | 7:45 | 8:43 |
| 31 | (شەنبە) | 2:26 | 4:31 | 12:30 | 4:13 | 7:46 | 8:44 |

ئەسكەرتىش: بۇ جەدۋەلدىكى ۋاقىت نامازغا ئەزان ئوقۇلىدىغان ۋاقىتلارنى كۆرسىتىدۇ.